


# شنجاڭ مەدەنىيىتى

XINJIANG CIVILIZATION

3
1988



www.uyghurkitap.com

ئاتاقلىق سەنئەت ئەربابى مەرھۇم قاسىمجان قەمبىرى (1956 — 1910).

سۈرەتنى شېرىپ خۇشتار ئەۋەتكەن.

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

37 - يىل نەشرى

1988- يىل 3- سان (ئومۇمىي 172 - سان)


## بۇ سانىدا


مۇناپىقنىڭ ئۆلۈمى ...... (پوۋېست) ...... مۇھەممەتئېلى زۇنۇن 22

سىزىق ئادەملەرگىلا ...... (ھېكايە) ...... زوردۇن سابىر 2

كىتابلار زارى ...... (فېليەتون) ...... غەنىزات غەيۇرانى 76

سەھنىدىن تاپقان شېئىرلار ...... (شېئىر) ...... ئىمىن ئەھمىدى 10

رۇبائىلار ...... موللا مۆمىن 55

شېئىرلار ...... ماخمۇت مۇھەممەت، ئا. ئابدۇللا، تۇرسۇنجان قاسىم 11

تارىخىي مەنبەلەردە نورۇز بايرىمى ...... ھاجى ياقۇپ يۇسۇپى 12

تارىختىن سۆز

كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى ... نىزامىدىن ھۈسەيىن 56

تۇرمۇش ئېقىنىدا

بالىغا ئىسىم قويۇش ...... (ھېكايە) ...... ئابلەت ئابدۇللا 74

ناخشا تېكىستلىرى ...... مامۇت زايىت 21

ناخشا تېكىستلىرى ...... ھېيتەم ھۈسەيىن، قۇربان ھاشىم، داۋۇتجان سەئىدىن، ئېرشات تۇرسۇن 79

خەتتاتلار مۇنبىرى

ھۆسن خەتلەر ...... ئابدۇغېنى مەتروزى يازغان 80


مۇقاۋىدا: ئاتاقلىق ئۇسسۇل مۇتەخەسسىسى مەرھۇم ھاجى راخمان (ماي بوياق) ئىمىنجان سىزغان ھېسامىدىن ھاجى فوتوسى. مۇقاۋىنىڭ 4- بېتىدە: قولغا سۇ بېرىش (ماي بوياق) نۇرۇللام ئىبراھىم سىزغان رەسسام ۋە خەتتات: ئابلىمىت ئابلىز (تەكلىپ قىلىنغان) مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت


مەسئۇل مۇھەررىر: ساتتار توختى جاۋابكار مۇھەررىر ۋە تېخرېداكتور: قۇربان مامۇت



# سەزۈك ئادەملەرگىلا...



(ھېكايە)

زوردۇن سابىر

تۈن، جىمجىت.

جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان «بېرلىن چېگرا تېمى» نىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى تاپ-تاقىر بوشلۇقتا قورالىنى چىڭ تۇتقان، سەگەك، چەبدەس قاراۋۇل مېڭىپ يۈرىدۇ. شەرقتىكى تامغا ياندىشقان ئۈچ قەۋەتلىك ئۆيلەرنىڭ چىراغلىرى ئۆچتى. شەرقىي تامنىڭ تۈۋىدە ئۇزۇن كۆلەڭگىلەر پەيدا بولدى. جەڭچى كۆلەڭگىلەرگە دىققەت بىلەن قاراپ قويۇپ جەنۇبقا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئاسمانغا قارىدى، قۇشلارغا چېگرا تېمى يوق، ئۇلار ئەركىن، ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرۈشمەكتە. ئۇ ئىككى ياقتىكى دەرەخلەرگە قارىدى، دەرەخلەر ئوخشاش لىڭشىماقتا. شامالغا چېگرا تېمى يوق. بۇ تام پەقەت ئادەملەرگىلا. 1237 يىللىق تارىخقا ئىگە بۇ شەھەرنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەنمۇ، ئىككى ياقتىكى ئادەملەرنى بىر-بىرىگە دۈشمەن قىلىپ قويغانمۇ ئادەملەر ئۆزلىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەردىن ھوشيار بولۇش كېرەك.

— توختا! — جەڭچى كەينىگە بۇرۇلۇپ قورالىنى تامدىن سىيرىلىپ چۈشكەن قارا كەۋدىگە توغرىلىدى، لېكىن تامدىن چۈشكۈچى خۇددى ھېچنېمە ئاڭلىمىغاندەك غەربىي تامغا قاراپ ماڭدى.

— توختا! — دېدى جەڭچى، لېكىن قارا كەۋدە قاراپمۇ قويمىدى. ئەكسىچە جەڭچىنى مەنسىتمەستىن غەربىي تامغا قاراپ ئىتتىك ماڭدى.

— توختا! جەڭچى ئۇنىڭ بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئوق ئاتتى. لېكىن ئۇ يەنىلا توختىمىدى. جەڭچى غەزەپكە كەلدى. ئەندى تەخىر قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ تامغا يامىشىپ، تام ئۈستىگە چىقىۋالسىلا ئۇنىڭغا ئوق ئاتقىلى بولمايدۇ - دە.

— توختا! — دېدى جەڭچى يەنە ئۇنىڭ بېشىدىن ئارتىلدۇرۇپ ئوق ئېتىپ. لېكىن ئۇ يەنە پەرۋا قىلمىدى. جەڭچى قورالىنى ئۇنىڭ كەۋدىسىگە توغرىلاپ غەزەپ بىلەن ئوق ياغدۇردى. كەۋدە دۈم چۈشتى، كېيىن ئۆرۈلۈپ ئوڭدا بولدى.

جەڭچى يۈگۈرۈپ كېلىپ يىقىلغۇچىغا قارىدى:

— پېتا! بۇ سەنمۇ؟ — دېدى ئۇ كەينىگە داجىپ.

ئۇ پېتانىڭ بېشىنى يۆلىدى. ئۇنىڭ تونۇش كۆزلىرى پارقىراپ تۇراتتى. «ئاھ بۇ ئىشنى!» — دېدى جەڭچى ئەلەم بىلەن، — مۇھەببەت ئۈچۈن ئۆلدۈڭمۇ دوستۇم؟» خىيال چېگرا سىزىقىنى ئېتىراپ قىلمىغىنىغا ئوخشاش مۇھەببەتمۇ ھېچقانداق سىزىق بىلەن چەكلەنمەيدۇ؟ ئۇ شۇنداق بىر ئاجايىپ كۈچ، ناۋادا ئۇنىڭ يۈرەز يولىغا سىز توك ئۆلانغان سىمدىن توساق ياساپ سىزىق پەيدا قىلىپ قويسىڭىزمۇ ئۇ ھامان ئۆزىنى تەھدىتسىز، بىخەتەر ھېس قىلىدۇ - دە، كىشىلەر تەرەپىدىن قويۇلغان ھەرقانداق چەك چېگرا سىزىقلىرىنى ئۆز كۈچى بىلەن بىكار قىلالايدۇ.

بىزنىڭ ھېكايىمىز ئەنە مۇشۇ خىل مامات سىزىقى ئۈستىدە سادىر بولىدى. ئۇنىڭ جەسىتى چېگرا ھېسابلانغان پاكىز، يۇمشاق تۇپراقلىق، ھەيدەلگەن يەر ئۈستىدە ئىككى سوتكا ياتتى. رېئاللىق بىلەن رومانتىكا ئارىلاشمىسىنى ئۆزىنىڭ جانسىز گەۋدىسى ئاستىغا بېسىپ ياتقان بۇ نەۋقىران يىگىت بۇ يەرنىڭ ئۆلۈم سىزىقى ئىكەنلىكىنى نېمىشقا ئويلىمىغاندۇ - ھە؟

— سىز تونۇيمەن دېۋىدىڭىزغۇ، — دېدى چېگرا قاراۋۇل قىسمىمىزنىڭ باشلىقى — ياش ئوفىتسېر، يەرگە قاراپ، مىلتىقىنىڭ ستۋولىنى يەرگە قارىتىپ تۇرغان چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسىگە ئەلەم بىلەن قادىلىپ، — ئېيتىڭا، بۇ يىگىتنىڭ ئاتا - ئانىسى كىم، نېمىقا جەسەتنى تېخىچە ئېلىپ كەتمەيدۇ؟

— ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ بۇ پاجىئەلىك ئۆلۈمىدىن بىخەۋەر بولسا كېرەك؟ — دېدى كۆزلىرى قىزارغان، ناسۋال رەڭ ھەربىيچە ئۇستىباش كىيگەن، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن دۆلەت گېربىي قادالغان قىزىل جىيەكلىك، كەڭ قاسقانلىق شەپكىسىنى سېرىق قاشلىرىغىچە چۈكۈرۈپ كىيىۋالغان چېگرا مۇداپىئە جەڭچىسى ياش لىڭشىلداپ تۇرغان كۆزىنى جەسەتتىن ئۈزمەستىن سۆزلەپ، — بىز پېتانىڭ ئاتىسىغا تېخى خەۋەر قىلمىدۇق.

— پېتا؟ ئۇنىڭ ئاتىسى كىم، ئۇنىڭ ئادرېسى قانداق؟

— پېتا مۇشۇ بېرلىنلىق كلاۋس مانتېيورنىڭ ئوغلى.

— بۇ قانداق جاۋاب؟ بېرلىنلىق مانتېيور

www.uyghurkitap.com

دېگەنمۇ يەر. كىشىنىڭ ئادرېسى بولالامدۇ؟ بىزنىڭ بۇ چوڭ شەھىرىمىزدە كېلاۋېس ئىسىملىك كىشىلەر كۆپقۇ؟

— شۇنداق. لېكىن پېتانىڭ دادىسى كېلاۋېس پۈتۈن بېرلىندا بىرلا. ئۇ سوتسىيالىستىك ئەمگەك قەھرىمانى، ئۇنى ئادرېس، ئىزاھاتسىزلا ھەممە ئادەم بىلىدۇ.

— مۇنداق دەڭ، شۇنداق قىلىپسىز، يولداش چېگرا قاراۋۇلى بىزنىڭ ئەمگەك قەھرىمانىمىز كېلاۋېسنىڭ ئوغلى پېتانى ئۆز قولىڭىز بىلەن ئېتىپ ئۆلتۈردىڭىز - دە؟

— يولداش كاپىتان، مېنىڭ ئوقۇم دۆلەت قانۇنى، سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزدىن ھېچقاچان ئۈستۈن ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوق ئېتىش زۆرۈر بولغاندىلا ئوق ئاتتىم؛ پېتا مېنىڭ دوستۇم ئىدى. مەن چېگرادىن قېچىپ ئۆتكۈچى پېتا ئىكەنلىكىنى بىلمەيلا ئوق ئاتتىم، بىلگەن بولسامۇ...

ئۇنىڭ پولاتتەك قايناق ياشلىرى كۆكرىكىگە تېمىپ تۇراتتى.

— چۈشىنىشلىك. سىز ۋەزىپە ئىجرا قىلدىڭىز، چېگرادىن ئۆتكۈچى سىزنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرىڭىزغا پىسەنت قىلمىغاندا، ئەلۋەتتە مۇشۇنداق قىلىشقا مەجبۇرسىز، لېكىن، لېكىن پېتا نېمىشقا قاچتى؟

— ئۇ قاچمىدى، قاراملىق بىلەن چېگرادىن ئۆتمەكچى بولدى!

— قاراملىق بىلەن چېگرادىن ئۆتۈش جىنايىتى؟ بۇ قانداق جىنايەت؟ بۇ ئاتالغۇنى نەدىن تاپتىڭىز؟

— پېتانى «قاچتى» دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ، يولداش كاپىتان. ئۇنىڭ بىلەن مەن باشلانغۇچ مەكتەپتىن تارتىپ ئالىي مەكتەپ پۈتتۈرگىچە بىللە ئوقۇغانمەن. ئۇ خاككى، چاڭغىدا، سۇ ئۈزۈش ماھىرى ئىدى؛ بىز فىنلاندىيەگە بىللە چاڭغىدا تېيىلغىلى بارغان. ئۇ شۇ چاغدا بىر قىز بىلەن تونۇشقان. ئۇ قىزنىڭ ئېتى دېتا ئىدى. ئۇ لۆبەك شەھىرىدىكى تۇرۇشلۇق بىر دوختۇرنىڭ يالغۇز قىزى ئىدى. ئۇلار ئىككى يىلدىن بېرى، ئاۋۇ غەربىي بېرلىندىكى كوپېستىندام كوچىسىدا ئۆي تۇتۇشقان. پېتا پات - پات ئۇ يەرگە باراتتى، مەن ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا پېتانى كۆرگەن، بىز بىللە پىۋا ئىچىپ پاراڭلاشقان. بىلىدىغىنىم، مۇشۇنچىلىك...

— ئۇ سىزنىڭ مۇشۇ ئاخشىمى ۋەزىپە ئۆتەيدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىمۇ؟

— مەن بۇ توغرىدا گەپ قىلمىغان.

— سىلەر نېمە توغرىدا پاراڭلاشقانىدىڭلار ئەمەسە؟

— ئۇ دېتانىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى، بالىنى كىم ئالىدۇ دېگەن مەسىلىدە دائىم تالىشىدىغانلىقى، دېتاغا رەسمىي توي قىلىش ئۈچۈن تەلەپ قويغانلىقىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن.

— ئۇنداقتا، سىز، دېتانىڭ قوشۇلغان - قوشۇلمىغانلىقىنىمۇ سورىغانمۇ؟

— سورىغان. دېتا پېتانىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلمىغان.

— مۇنداق دەڭ. ئىككى يىل بىر ئۆيدە بىللە تۇرۇپ بىر بالىلىق بولۇش ئالدىدا تۇرۇدىكەنۇ، توي قىلىشقا قوشۇلمايدىكەن. غەلىتە قىزكەنا؟ سىزچە مۇنۇ پاجىئەنىڭ پۈتۈشمىگەن نىكاھ بىلەن مۇناسىۋىتى بارمىدۇ؟

— تەكشۈرۈپ كۆرسەك بولىدۇ.

جەڭچى پېتانىڭ بېشىنى تىزىغا ئالدى، پېتانىڭ قاۋۇل قوللىرى قان ئۇيۇپ قالغان كۆكرىكىدە. ئۇ خۇددى جانسىز گەۋدىسىدىن كۆڭۈل سىرلىرى سىرتقا چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك كۆكرىكىنى مۇجۇپ تۇتۇۋالغان!

ئۇلارنىڭ يۈرۈشىنى، كىيىنىشى كۆك كۆزلىرى كىچىك ۋاقتىدا چېكىش ھېساب ئەمەللىرىگە باش قاتۇرۇۋاتقىنىدىكىدەك بىر ئۇقتىدا تىكىلگەن. جەڭچى بىردەملىك دۈشمىنى، مەڭگۈلۈك دوستى بولغان بۇ مۇردىغا ياش بىلەن غۇۋالاشقان كۆزلىرى بىلەن قادىلىپ، پېتا بىلەن دېتانىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئەسلىدى.

... دېڭىزنىڭ ساھىلىدىكى قۇملۇقتا سۇنايىلىنىپ ياتقان، سېرىق چاچ، ھەتتا كىرپىكلىرىمۇ ئالتۇندەك سېرىق، بۇرنى ھەددىدىن تاشقىرى چوڭ بۇ يىگىت بىلەن قارا چاچ، قارا قاش، قارا كۆز، بۇرۇن - ئېغىزلىرى تولىمۇ گۈزەل قىز چۆچەكلەردىكى بىر جۈپلەرگە زادى ئوخشىمايدۇ. ئۇلار ئىككى خىل ئۆلۈك، ئىككى خىل چىرايغا بۆلۈنىدىغان گېرمانىيىلىكلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ. ئەدەبىيات ئاتالمىسى بىلەن ئاتىساق ئۇلار «تىپىك نېمىس». لېكىن ئۇلارنىڭ يۈرىكى، روھىچۇ؟ ئۇلار بىر مىللەت بولغىنى بىلەن ئىككى دۆلەتنىڭ ئادىمى. ئۇلار بىرى-بىرى بىلەن ئىختىيارىي تېپىشقان، ئىككى يىل بىر ئۆيدە بىللە ياشىغان، بىر دەۋرنىڭ ياشلىرى بولغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېتىقادى-تەشەببۇسلىرى ئوخشاش ئەمەس. پېتانى ئالساق، ئۇ كوممۇنىست ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى فاشىستلارغا قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن ۋەتىنىدىن سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قېچىپ كېتىپ ئۇكرائىنا ئورمانلىقلىرىدا بىر - بىرسىنى ياخشى كۆرۈشكەن. ئۇلار ئۆز تۇغلىغا ئۆز غايىلىرىنى ئانا سۈتى بىلەن بىللە سىڭدۈرگەن. پېتا پىئونېر، كومسومول تەشكىلاتلىرىنى ئۆز جېنىدەك سۆيۈپ يېتىلگەن. ئۇ يەنە ئۆز خەلقىنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كېلىدىغان خىيىم - خەتەر، ۋەھىمىنىڭ غەربتە ئىكەنلىكىنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالمىغان. دېتاچۇ؟ مەن ئۇنى زادى بىلمەيمەن. دادىسى غەربىي گېرمانىيە قەد كۆتۈرگەندىن كېيىنلا ئامېرىكىدىن ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگىنىگە قارىغاندا دېتا راھەت - پاراغەتنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئائىلىدە چوڭ بولغان، بۇ شۈبھىسىز. لېكىن ئۇ قانداقلارچە غايە - ئەقىدىنى ئۆزىگە ياقتۇرىدىغان، چىرايىدا قىزلارنى جەلپ قىلالىغۇدەك ھېچبىر ئالامىتى بولمىغان يوچۇن بىر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندۇر - ھە؟ ئۇلار ئىككى دۆلەت، ئىككى تۈزۈم توغرىسىدا تالاش - تارتىش قىلىشماستىن قانداقمۇ بىر نەچچە يىل بىللە ياشاشقاندۇ - ھە؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟ ياق، ئۇلار جەزمەن تالاشقان، ھەتتا بىر - بىرى بىلەن مۇشۇ سەۋەبتىن دۈشمەنلەشكەن بولۇشى مۇمكىن!...

جەڭچى پېتانىڭ يانچۇقىدىن تېشى كۆك، يوللۇق، كىچىككىنە خاتىرە دەپتەرنى ئالدى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن خاتىرىنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. خاتىرە قىسقا-قىسقا جۈملە، سوئاللار، ۋەقەلەر بىلەن تولغان. بۇ بىر ياخشى يېزىلمىغان كۈندىلىك خاتىرە ئىدى.

جەڭچى بۇ خاتىرىنى ئوقۇپ چىقتى. خاتىرىنى ئوقۇپ بولۇپ، يېنىدا سۇنايىلىنىپ ياتقان يىگىتنىڭ سېرىق، گىدىرماچ چاچلىرىنى سىلىدى. ئۇ كۆڭلىدە خەتتىكى گەپلەرنى بىر - بىرلەپ ئۆلچىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆڭلىدە مۇنداق بىر مۇھەببەت شېئىرى پەيدا بولدى:

— ياڭتاق بويىدا قۇملۇقتا ئۇلار بىر - بىرىگە يانداشقان، كۆك ئاسمانغا قاراپ يېتىشاتتى. ئاق چايكىلار ئۇلارنىڭ يېنىدا چۇرقىرىشىپ ئېگىز - پەس ئۇچۇشۇپ يۈرۈشەتتى. ھەتتا يەردە ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىشىپ

www.uygurkitap.com

قونۇشاتتى. يىراقتىكى يەلكەنلىك كېمىلەر خۇددى داۋالغۇپ تۇرغان دېڭىزدا توختاپ قالغاندەك جىمجىت كۆرۈنەتتى.

— خاتىرجەملىك، — دېدى چىرايلىق قىز، لېيتىنېك، سۇ ئۈزۈش تورىسىدىن باشقا كىيىم يوق، كۈندە سەل قارايغان، تولۇق بەدىنىگە بىر قولىدا ئىسسىق قۇم چېچىپ، — لېكىن كۆڭۈللەر خاتىرجەم ئەمەس، ئۇ شاۋقۇنسىز داۋالغۇيدۇ، ۋاڭ - چۇڭسىز ماجرالىشىدۇ، ئېيتىڭا، سىز راستىلا مەن بىلەن نىكاھلانماقچىمۇ؟

— شۇنداق، لېكىن سىز دېموكراتىك گېرمانىيە گىراژدانى بولۇشىڭىز شەرت.

— بۇ شەرتنى قوبۇل قىلمىسام، ئەكسىچە سىزنى ئىتتىپاق گېرمانىيىگە گىراژدان بولۇشقا مەجبۇرلىسامچۇ؟

— بۇ مۇمكىن ئەمەس.

— ئۇ چاغدا مېنى ياخشى كۆرۈشتىن توختاپ قالامسىز؟

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، مۇھەببەت دۆلەتكە ئەمەس، ئىنسانغا تەئەللۇق نەرسە.

— ئىنسان دۆلەتلەرگە بۆلۈنگەن، مىللەتلەرگە بۆلۈنگەن. مۇھەببەتنى چەكلەيدىغان سىزىقلار تولىمۇ جىق. مىسالى، بىز بىر مىللەت، لېكىن ئىككى دۆلەت. شۇنىڭ ئۈچۈن چېگرا سىزىقى بىزنىڭ مۇھەببەت ئەركىنلىكىمىزگە چەك بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— سىزگە شۇنداق تۇيۇلسا كېرەك. لېكىن مېنىڭچە مۇھەببەتنى چەكلەيدىغان سىزىق دۇنيادا يوق.

— ئىدېئولوگىيىچۇ؟ بۇ قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان چېگرا سىزىقى كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ، لېكىن تولىمۇ قورقۇنچلۇق. سىزنىڭ تەشەببۇسلىرىڭىزنى ئاڭلىسام سىزنى بىر تۇرۇپ ئەقلىدىن ئازغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلايمەن، بىر تۇرۇپ قاتتىق زەھەرلەنگەن بولسا كېرەك دەپ قارايمەن. ئېيتىڭا، «كوللېكتىپ»، «ئومۇم خەلق» دېگەنلەر سىلەرگە قانچىلىك پايدا يەتكۈزىدۇ زادى؟

— بۇ توغرىدا سىز بىلەن يەتكۈدەك مۇنازىرىلەشتۇق. ئەندى سىزگە دېگۈدەك يېڭى گەپ قالمىدى.

— تۇغۇلغۇسى بالىمىز سىزچە كىمنى ياقىلاپ سۆزلەيدۇ، بۇنى ئالدىن مۆلچەرلەپ بېقىڭا؟

— كىمنىڭ تەربىيىسىدە بولسا شۇنى ياقىلايدۇ - دە.

— بۇنىسى ئېنىق، ئۇ مېنىڭ تەربىيەمدە بولىدۇ، چۈنكى ئۇ ھازىر مانا، مېنىڭ بەدىنىمدە.

قىز قورسىقىنى ئاستا سىلاپ قويدى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن پېتا ئايرودرومدىكى شوپۇر دوستىنىڭ ئاپتوبۇسى بىلەن غەربىي بېرلىنغا ئۆتتى. دېتانىڭ ئۆيىنىڭ قوڭغۇراق كونۇپكىسىنى بېسىۋېدى ئىشىكتىن دېتانىڭ ئەمەس، بىر ئەركىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بىز بۈگۈن چۈشنىڭ پويىزى بىلەن ھامبۇرگقا بارماقچى، — دېدى نامەلۇم ئەر كىشى ئالدىراپ سۆزلەپ، — دېتا يۇيۇنۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭدىن بۇرۇن سىزگە ئىشىك ئېچىپ بېرەلمەيمەن.

پېتا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىرلا ئىزۋانوك بىلەن ئېچىلىدىغان ئىشىككە، بەش قەۋەتلىك بىنا، قارىغاي - ئارچىلار بىلەن قاراڭغۇلاشقان بۇ ئېگىز بىنالار ئارىسىدىكى ھويلىغا كۆڭۈلسىز قاراپ خېلىغىچە تۇردى. دېتانىڭ ئىسمى يېزىلغان ئىشىك كۇنۇپكىسى يېنىدىكى كىچىك تورلۇق تۆشۈكتىن «پېتامۇ سەن، قېنى پات كىرگىن» دېگەن تونۇش ئاۋاز چىقىدۇ ۋە قېلىن ئەينەكتىن قىلىنغان

ئېغىر ئىشىكنىڭ ھازىرلا ئېچىلىدۇ دەپ ئويلىدى. لېكىن تۆشۈكتىن ئاۋاز چىقمىدى، ئىشىكمۇ ئېچىلمىدى.

پېتا كوچىغا چىقتى، يول بويىدىكى پاكار، مەخسۇس سۇپىلاردا سانسىزلىغان پىكاپلار خۇددى قوتاندا ياتقان قويلاردەك زىچ تۇرۇپتۇ. پېتا كۆزلىرى دائىم چۈشۈپ تاماشا قىلىدىغان قىزىل رەڭلىك پىكاپنى ئىزلىدى. پىكاپ يولنىڭ نېرىسىدا، ئەنە ئالدى ئەينىكىگە ئېسىلغان ئوغۇل قونچاق كۈلۈپ، كۆك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپتۇ. دېتا دائىم: بۇ بىزنىڭ ئوغلىمىزنىڭ ھەيكىلى دەپ چاقچاق قىلاتتى. پېتا پىكاپنىڭ يېنىغا باردى ۋە قونچاققا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئۇ دائىم ئۆزى ئولتۇرىدىغان ئالدىدىكى ئورۇنغا قارىدى. ئەنە ئۇنىڭغا تونۇش قارا، پارقىراق بىخەتەرلىك بەلبېغى، ئەنە ئۇ تېخى ئوقۇپ تۈگىتەلمىگەن «يارامسىز ئەر» ناملىق رومان. ئاۋستىرىيە شائىرى موزىللانىڭ شېئىرلىرى پېتانىڭ يۈرىكىنى تىترەتكەن، لېكىن مۇنۇ داڭلىق رومانى ئۇنىڭغا شېئىرلىرىدەك تەسىر قىلمىغانىدى. «بىر باللىق بولغىلىۋاتىمىز، مەن ئۇنى ھېلىھەم كانكى مەيدانىمدا تېپىشقان ھېلىقى چاغلاردىكىدەك ياخشى كۆرىمەن. ئۇ مەندىن يۈز ئۆرىگەنمىدۇ ـ ھە؟ مېنىڭ دوستلىرىمغا ماختىنىپ: مەن بىر ماگنىت، قىزلار تۆمۈر كېپىكى، ماڭا چاپلىشىمۇ، بولدى ئۇ ماڭا ئەسىر بولىدۇ، دېگەنلىرىم ئەندى مەنىسىز چوڭ گەپ بولۇپ قالامدۇ؟ مەن يەنە دېتا بىلەن: مۇھەببەت سىياسىي ئەقىدە، دۆلەت، مىللەت دېگەنلەرنى ئېتىراپ قىلمايدۇ، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى ئىككى خىل تۈزۈم پەيدا قىلغان ئىختىلاپ بىزنىڭ ساپ مۇھەببىتىمىزگە قىلچە تەسىر قىلالمايدۇ، دەپ تالاشقان ئەمەسمىدىم. ئۇ ئۆز كۆز قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇكەنۇ، مەن مەغلۇپ بولغىنىمنى ئىسپاتلىغۇدەكمەن. ياق مەن «يارامسىز ئەر» ئەمەس، مەن مەغلۇبىيەت ئىگىسى ئەمەس. پېتا ھەممە ئىشتا يەڭگۈچى، ئىمتىھانلار، مۇسابىقىلەر، سوتسىيالىستىك ئەمگەك مۇسابىقىلىرى، كومسومول چاقىرىقلىرى، لېنىنچە يەكشەنبىلىك ... مەن قايسى ئىشتا يەڭگۈچى ئەمەس؟»

ھويلىدىن دېتا بىر يىگىت بىلەن چىقىپ كەلدى. پېتا تېلېفون بوتكىسىغا كىرىۋالدى. ئۇ دېتانىڭ كۆزلىرى مېنى ئىزلەيدۇ دەپ ئويلىدى. لېكىن دېتا ئەتراپقا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ يېنىدىكى ساقاللىق، قولىقىدا ھالقىسى بار، قارا بۇدرە چاچلىق يىگىتنى قولتۇقلىۋالغان؛ ئۇلار كۈلۈشمەكتە، بىر ـ بىرىگە سۆركىلىشمەكتە. دېتا ئاۋالقىدەك پىكاپنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، يىگىتنى پېتانىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزۇپ بىخەتەرلىك بەلبېغىنى ئۆز قولى بىلەن تارتىپ قويدى. ئۆزى رول تۇتۇپ ئولتۇردى ـ دە، ئادىتى بويىچە ئوغۇل قونچاقنى ئەركىلىتىپ قويۇپ قاقاقلاپ كۈلدى...

پېتا ئۆزىگە قىلىنىدىغان ئىلتىپاتلارنىڭ باشقا بىرسىگە قىلىنغىنىنى، ھەتتا ساقاللىق يىگىتنىڭ «يارامسىز ئەر» ناملىق رومانىنى پىكاپنىڭ كەينىگە چۆرىگىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

جەڭچىنىڭ خىيالى بۇ يەرگە كەلگەندە دوستىنىڭ قاتمال، يوغان قوللىرىنى سىلىدى. بۇ ئوڭدا ياتقان جەسەت مەغلۇبىيەت ئىگىسىگە ھېچ ئوخشىمايتتى. ئۇ ئالدىنقى كۈنى نەق يېرىم كېچىدە شەرقىي تامدىن ئۇزۇن بىر گەۋدىنىڭ سېرىلىپ چۈشكىنىنى، يۈزمېتىر كېلىدىغان، ھەيدەلگەن چېگرا بوشلۇقى ئۈستىدە لوڭ ـ لوڭ مېڭىپ غەربىي تامغا قاراپ ماڭغىنىنى كۆردى.

ـ توختا! ئۇ توختىمىدى، ھاۋاغا ئوق ئاتتى، ئۇ يەنە توختىمىدى، يەنە ئاتتى، ئۇ تېزرەك

www.uyghurkitap.com

ماگدى. جەگچى ئۆزىنىڭ كەۋدىسىنىڭ كۆكرىكىنى چەنلىدى... ئۇ شۇ ئاخشىمى پېتىنانى تونۇغان بولسىچۇ؟ ئۇ دوستىنىڭ كۆكرىكىنى ئەمەس، بەلكى پۈتنى... ياق، ئۇ دۆلەتچېگرا سىزىقىنى كۆزگە ئىلمىدى، ئۇ چاغدا ئۇ قارا كەۋدە، جەگچىگە دۇنيادىكى ئەلا يەرگىمىشلىك نەرسە بولۇپ كۆرۈنگەنىدى. بۇ مۇقەددەس سىزىق، بۇ دەخلى-تەرۇزسىز سىزىقنى قوغداۋاتقان جەگچى ئۇچۇن باشقا خىياللارنىڭ ھەممىسى يات، ئۇ گۇناھ، جىنايەت...

جەگچىنىڭ خىيالى شۇ يەرگە كەلگەندە پېشانىسىدىن تەرچىقتى. پېتا نېمىشقا قاراملىق قىلغان؟ ئۇ كېچىسى قاراملىقى بىلەن ئۆز كۆز قارىشىنىڭ توغرىلىقىنى، «مۇھەببەت دۇنيادا ھەممىدىن ئۈستۈن» دېيدىغان نېمىنى ئىسپاتلىماقچىمۇ؟ - ياق!

جەگچى دەپتەردىكى خاتىرىلەردىن بايا ئۈزۈلۈپ قالغان ئەسلىمىسىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇردى:

پېتا ئۈچ كۈنگىچە غەربىي بېرلىندا ھېلىقى ئۆيىنى چۆگىلەپ يۈردى. ئاخشاملىرى يېرىم كېچىگىچە پىۋىخانىلاردا يۈردى، چۈنكى ئۇ دائىم دېتا بىلەن پىۋىخانىغا كىرىپ ئازادە ئورۇندا پىۋا ئىچكەچ مۇڭدىشاتتى.

ئۇ كۈندۈزلىرى «تېز تاماق» رېستورانلىرىدا كىرىۋېلىپ، بېشىغا ئالا - بۇلىماچ ئىستىپانكا كىيگەن كۈتكۈچى قىزلارنىڭ شوخ سىتۇدېنتلارنى ئەرزان تۇخۇم پوشكىلىغا ئورالغان سالاتا بىلەن قىزغىن كۈتۈشلىرىنى مەقسەتسىزلا كۆزىتىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق ئولتۇراتتى. ئۇ يەنە كوپېستىندام كوچىسىدىكى ئەڭ ئېگىز بىنا ھېسابلانغان «ياۋروپا سودا مەركىزى»نىڭ ئۈستىگە لىفت بىلەن چىقىۋېلىپ پۈتۈن بېرلىننى كۆزەتتى. «بېرلىن چېگرا تېمى»نىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى قاتار ئۈچ - تۆت قەۋەتلىك كۈلرەڭ بىنالار ئارىسىدا پېتالارنىڭ ئۆيى بار. شۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن قارىغاندا دېتا ئىككىسىنىڭ مۇنۇ بەشىنچى قەۋەتتىكى ئۆيىنىڭ چىرىغى كۆرۈنەتتى. ئۇ «ياۋروپا سودا مەركىزى»نىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ شەرقىي بېرلىن بىلەن غەربىي بېرلىننى سېلىشتۇردى، بۇ ئىككىگە بۆلۈنگەن بىر شەھەرنىڭ ھېچنەرى ئۇنىڭغا يات، چۈشىنىكسىز بىلىنمىدى. ئۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ قوينىدا چوڭ بولدى. ئۇ ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپ بۇ شەھەر ئىككىگە بۆلۈنگەن ئىكەن. پېتا ئوقۇغۇچى چاغلىرىدىلا شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى تاملارغا ھەيران ئىدى، باشقا تاملارغا ياماشسا ھېچگەپ يوق، مۇشۇ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان، ھەر خىل رەسىملەر سىزىلغان ئالا - بۇلىماچ تامغا ياماشىشقىلا رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئۇ چاغدا پېتاغا بۇ تام سۈرلۈك - قورقۇنچلۇق بىلىنەتتى. ئۇ: «بۇ تامنىڭ نېرىسىدا جىن - ئالۋاستىلار ماكانى بولسا كېرەك» دەپ ئويلايتتى. لېكىن كېيىن بىلدى، تامنىڭ نېرىسىدىمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئادەملەر بار ئىكەن. ئۇلار پېتالارغا ئوخشاش تىلدا سۆزلەيدىكەن، ئۇلاردىمۇ ئادەمگەرچىلىك، مېھرىبانلىق، مۇھەببەت مەۋجۇت ئىكەن. قېرىشقانىدەك تامنىڭ نېرىسىدىكى قارا كۆز قىزچاق پېتانىڭ يۈرىكىدىن ئورۇن ئاپتۇ، تېخى...

پېتا ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئۆز ئىشىغا — شەھەر قۇرۇلۇشىنى پىلانلاش ئىدارىسىگە كەلدى.

ئۇ ھەر كۈنى كەچتە ھاراق ئىچەتتى، ۋە مەست بولۇۋېلىپ ئاتا - ئانىسىغا بىلىندۇرمەي ئۆگزىگە چىقىپ ھېلىقى غەربىي بېرلىن كوپېستىندام كوچىسىدىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىگە قاراپ ئولتۇراتتى. ھەر كەچتە ئۈچ - تۆت سائەت داۋاملىشىدىغان بۇ كۆزىتىش ئازمۇ ئەمەس، تۆت ئاي داۋاملاشتى. 123 كۈن بولغىچە ئۇ كۆزىتىۋاتقان ئۆينىڭ دېرىزىسىدە يورۇقلۇق كۆرۈنمىدى. لېكىن ئىرادىلىك

پېتا بۇنىڭ بىلەن «كۆزىتىش»تىن زېرىكمەي قالمىدى. ئۇ ھېسابلىمىدى: ئۇنىڭ دېتانىڭ بەدىنىدە چوڭ بولۇۋاتقان پەرزەنتى مۇنۇ توغرا كېسىلگەن تاۋۇزدەك ئىككىگە بۆلۈنۈپ تۇرۇۋاتقان شەھەردە دۇنياغا كۆز ئاچقان بولۇشى كېرەك ئىدى. دېمەك پېتا ئەمدى نېمىلا بولمىسۇن دېتانى كۆرۈشى، پەرزەنتىنى كۆرۈشى، ھېچبولمىغاندا ئۇ پەرزەنتىنى سوتسىيالىستىك گېرمانىيىنىڭ يېڭى گىراژدانى قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشى، ئەندى «كۆزىتىش»تىن ھەرىكەتكە ئۆتۈشى كېرەك.

ئاجايىپ ئىش، ئۇ ئاشۇنداق «ھەرىكەتكە ئۆتۈش»نى قارار قىلغان كۈنى دېتانىڭ ئۆيىدە چىراغ يورىدى. پېتا خۇشاللىقىدا ئۆزىدىن يەرگە سەكرىگىلى تاسلا قالدى.

ئۇ ئۆيىگە كىرىپ پاسپورتىنى ئاختۇردى؛ لېكىن تاپالمىدى. ئۇ قانچە ئويلانسىمۇ پاسپورتىنى نەگە قويغانلىقىنى ئەسلىيەلمىدى. ئۇ نائىلاج دادىسىنىڭ پاسپورتىنى ئېلىپ غەربىي بېرلىنغا ئۆتۈش ئېغىزىغا كەلدى. لېكىن ئۇ بىردىنچى تۆشۈكتىلا تۇتۇلدى:

— بۇ قانداق بولغىنى؟

— ئالدىراشلىقتا دادامنىڭ پاسپورتىنى ئېلىپ كېتىپمەن.

ئۇ ئەتىسىمۇ پاسپورتىنى تاپالمىدى. ئاچچىقىدا يەنە هاراق ئىچتى، يېرىم كېچىگىچە ئىچتى، شۇندىن كېيىن...

— پاسپورتىڭنى تېلېفون بىرىپ دېتانىڭ ئۆزىدىن سوراپ كۆرۈشنىمۇ ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ — دېدى جەگچى ئەلەم بىلەن دوستىنىڭ پۈتۈن ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى قوچاقلاپ جىمجىت ياتقان گەۋدىسىگە ئازاب بىلەن قاراپ قويۇپ، — ئىسىت، ئىسىت!...

كەچقۇرۇن جەسەتنى ئالغىلى پېتانىڭ دادىسى كىلاۋدىس بىلەن ياداگفۇ، تولىمۇ چىرايلىق ياش ئايال بىللە كەلدى. كىلاۋدىس خۇددى ئون يىل تۈرمىدە ياتقاندەك سولغۇن، زوۋان سۇرمەي جىم تۇراتتى. ياش ئايالنىڭ قولىدا زاكىلاقلىق بوۋاق بار ئىدى. ئايالنىڭ قاپقارا كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش ئاقماقتا، ئۇنىڭ قاپاقلىرى ئىششىغان، لەۋلىرى كۆكەرگەنىدى.

— پاسپورتى مەندە ئىدى، ئۇ ئۇنتۇپتۇ. بىز لۆبەكتىن كىلىۋېتىپ ئۇ يېرىم يولدا، بېرلىنغا كەلمەي تۇرۇپ ئۆز ۋەتىنى تىنەۋسىدە پويىزدىن چۈشۈپ قالغان. مەن بۈگۈن ئەتىگەن ئۆيىگە تېلېفون بىرىپ ئۇنى ئوغلى بىلەن مۇبارەكلىمەكچى بولغانىدىم ۋە ئۆزۈممۇ شەرقىي بېرلىن پۇقراسى بولماقچى ئىدىم دېدى.

— قارا ساقاللىق يىگىتنى نېمىگە ئارىلاشتۇرۇپ يۈردىڭىز ئەمىسە؟

— ئاندىردىياسمۇ؟ ئۇ مېنىڭ ئىنىمغۇ، دادامنىڭ ئامېرىكىدىكى ئايالىدىن تۇغۇلغان ئوغلى.

— پېتاغا نېمىشقا بۇ ھەقتە ئېيتمىغان؟

— ئۇ بۇ ھەقتىكى گەپلەرنى يامان كۆرەتتى.

جەگچى ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ ئېغىر نەپەس ئالدى. ئەتىسى جەگچى يەنە ۋەزىپە ئۆتەشكە چىقتى. ئۇ ھېچنېمە بولمىغاندەك جىم سۇنايلىنىپ ياتقان ئالا - بۇلماچ تامغا، ئوتتۇرىدىكى بوشلۇققا كۆڭۈلسىز، نەپرەت بىلەن قارىدى. ئۇ قورالىنى چىڭ تۇتۇپ سۇرلۇك ئاسمانغا قارىدى، كەپتەرلەر ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ ئۆتمەكتە، بىر خىل شامالدا ئىككى ياقنىڭ دەرەخلىرى ئوخشاش ئىغاڭلىماقتا؛ «ئىككى ياق قۇشلارغا، شاماللارغا ئوخشاش، لېكىن ئادەملەرگىلا يات، ئۇلارنى ياتلاشتۇرۇپ تۇرغان مۇنۇ تاملار قاچان يوقىلاركىن؟...»

1987 - يىل 28 - ئۆكتەبىر، غەربىي گېرمانىيە — فرايبورگ

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت

uyghurkitap.com



# سەھنىدىن تاپقان شېئىرلار

ئىمىن ئەھمىدى

## ناخشىچىغا

1

يۈرگەن جايىڭ، كۆرگەن، سۆيگىنىڭ
ئىكەنمىكىن سېنىڭ لالىزار.
ئاۋازىڭدىن، تىنىقلىرىڭدىن
گۈپۈلدەيدۇ دىماققا باھار.
ئاھاڭلىرىڭ ئۈمىد بىلەن لىق،
كۆرۈنمەيدۇ سەندىن ئاھۇ-زار.
سۆزۈڭ مېنى ئۈندەيدۇ جەڭگە،
قامىتىڭ ھەم شۇنچە جەڭگىۋار.
يالقۇن بەرگىن ماڭا دېگەندە،
كۆيدۈرگىدەك يالقۇنۇڭ تەييار.
دولقۇن بەرگىن دېسەم ئۆمرۈمگە،
دولقۇنۇڭغا دېڭىز-ئوكيان تار.
ئاناڭ سېنى كۈلكىگە قوشۇپ،
بۇلبۇل مىسال تۇغقانمىكىن يار؟
يۈرىكىمدىن سېنىڭ ناخشاڭغا
چىن ئەقىدە، مۇھەببىتىم بار...

2

ئېسىمدىدۇ، ناخشاڭ ئەزەلدىن
تەڭرىتاغدەك ئىدى بىغۇبار.
ئۈنىڭدىكى پاكلىق - يەككىلىك،
بولغان تارىم ئۈچۈن ئىپتىخار.
نەزاماڭنى يارقىن سادالار،
كەلگۈسىنى ئەتكەندە ئىزھار.
ئالىمىكىملەر پەيلىنى بۇزۇپ،
بەرگەن سېنىڭ كۆڭلۈڭگە ئازار.
قۇرۇتماقچى يىلتىزىڭنى ھەم،
ئاسماق بولۇپ تەييارلىغان دار.
باھار كەبى گۈلگۈن بويۇڭغا،
ياغدۇرۇشقان قىش پەسلىدىن قار.
لېكىن كۆكسۈڭ زېمىنىدا بولغاچ،
شىۋىرغانلار قىلالمىدى كار.
دېدى خەلقىم: ئىچۈك ناخشىغا
بولۇپ قالدى زامان مۇنچە تار.
ئېسىمدىدۇ ناخشىغا ئامراق
مىللەت ساڭا ئىدۇق ئىنتىزار.
ۋە قورقاتتۇق ساڭا كاچ پەلەك
ياسارمۇ دەپ تۈيۇقسىز مازار...

3

يەنە شۇ كۆك، يەنە شۇ سەھنە،
يەنە خەلقىم ساڭا غەمگۈزار.
سېنى يامان دېگەنلەر ھايات،
يوق ئۇلاردا بەلكىم نومۇس-ئار.
كۈيلىگەچكە ئانا يۇرتۇڭنى،
ئۇ يۇرت سېنى ئەيلىمىدى خار.
پۈتۈن جىسمىڭ خەلققە تەئەللۇق،
سەنمۇ خەلق دەپ ئۆستۈڭ بەختىيار.

گاھ قارايمەن سەندىن ئۆزگىگە،
ئاۋازىڭغا يىقىلاڭغۇلۇق يار.
زوم-ۇ-زوغا تىكىشىپ باقىمەن،
قۇلىقىمغا كىرمەيدۇ زىنھار.
سەن كېچىنى كۈندۈز قىلىسەن،
ۋەتەننى دەپ سۆزلەيسەن ھەر بار.
شۇڭا دەيمەن باھار سەن بىلەن،
سەن بولغاچقا پۇراقلىق باھار.

## يەنە ناخشچىغا

راۋابىڭ كۆكسۈڭگە چىقار- چىقمايلا،
سايراپ كەتكىنىڭدىن ئەقلىم بولدى لال.
شۇ ھامان ئاۋازىڭ جۆر بولدى ئاڭا،
بىر شوخ كۈي، بىر ناخشا شۇنچە بىمالال.
يا يۈرەك راۋابقا سۆزلىدى سۆيگۈ،
يا راۋاب ئۇنىڭغا تۆكتى سىرىنى.
بولمىسا ئىككىسى ئەلنىڭ كۆزىچە
چىڭ قۇچاقلارمىدى بىرى-بىرىنى.
ياق دېسەڭ مەندىنمۇ بىرراۋاب ياساپ،
كۆكسۈڭنىڭ ئۈستىگە قويۇپ كۆر بىردەم.
ياكى مەن سۆزلەرمەن ياكى يۈرىكىڭ،
ئەگەر تەڭ سۆزلىسەك ئۇندىن نېمە غەم؟

1988 - يىل 15 - مارت، ئۈرۈمچى

## ئانا تىلىم

ماخمۇت مۇھەممەت

ئانا تىلىم — ئانامدەك تىلىم،
مېنى تاپقان ئاتامدەك تىلىم.
سەن تۈپەيلى خەلقىم بىر ھايات،
سەن تۈپەيلى مەۋجۇد يۇرت، ئېلىم!
سەن تۈپەيلى غورۇر، شادلىقىم،
سەن تۈپەيلى ياڭراقتۇر تىلىم!

ئانا تىلىم — ئانامدەك تىلىم،
مېنى باققان ئاتامدەك تىلىم.
تېگىشمەسمەن سېنى بۇلبۇلغا،
تېگىشمەسمەن سېنى يۈز تىلغا.
سەن ئارقىلىق ئىجادىم چۈنكى،
سەن ئارقىلىق ئاۋازىم چۈنكى،
ئۇچۇپ كەتتى تۇمەنمىڭ يىلغا!

## بىرگە - بىر

ئا. ئابدۇللا

بۇ دۇنيا بىرگە - بىر، چىددىساڭ ياشا،
قەلبىڭدە نومۇس بىلەن پەسلىك ئېلىشار.
شاھ، تەخت بىرگە - بىر، پۇل بىلەن بەندە،
شۆھرەتكە دائىما ھەسەت چاپلىشار.
بۇ دۇنيا بىرگە-بىر، چىددىساڭ ياشا.

بۇ دۇنيا بىرگە - بىر، چىددىساڭ ياشا،
يىقىلساڭ يۆلىمەيمەن ئۆزۈڭدە گۇناھ.
ئالتۇن بول،
تۇزان بول
سەن ئۆزۈڭ دۇنيا،
قايغۇرۇش، ئۆكۈنۈش، پايدىسىز ئاھ، ۋاھ..
بۇ دۇنيا بىرگە - بىر، چىددىساڭ ياشا!

## توي

تۇرسۇنجان قاسىم

توي —
توي نەغمىسى ياڭرار بۇندا.
يىگىت ئۆيىدە،
كۆتۈرمەكتە ۋىسال جامىنى.
ئەمما
لەيلەپ - چۆكۈپ ئاقار بىر قىز،
دەريا سۈيىدە
ئۆچۈرۈشكە ھايات شامىنى....

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت



# تارىخىي مەنبەلەردە نورۇز بايرىمى

**هاجى ياقۇپ يۇسۇپى**

نورۇز پارسچە نەۋرۇز سۆزىدىن كەلگەن. ئۆز تىلىمىزدا يېڭى كۈن — يېڭى يىلنىڭ باشلانغان كۈنى دېگەن بولىدۇ. مەنشەئى① ئوتتۇرا ئاسىيالىق تۈركىي قەۋملەرنىڭ مىللىي بايرىمى بولغان يىلنىڭ بېشى «يېڭى كۈن» ئاتالمىسىنى تارىخىي قوشنىمىز ئىرانلىقلار② بىزدىن ئېلىپ پارسچە نەۋرۇز (يېڭى كۈن) دەپ تەرجىمە قىلغانىدى. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى ۋە ئارىدىكى مەدەنىي، ئىقتىسادىي، دىنىي مۇناسىۋەتلەر ۋە پارس ھەيرانى ئەجەمپەرەستلەر تۈپەيلى بىز ئۆز ئاتالمىمىز بولغان يېڭى كۈننى تاشلاپ، پارسچە نەۋرۇز سۆزىنى نورۇز دەپ قوبۇل قىلدۇق.

شەرقىي شىمالىي ئاسىيادىن كىچىك ئاسىياغىچە سوزۇلغان كەڭ رايونلارغا تارقالغان ئەجدادلىرىمىز قەبىلە، ئايماق بولۇپ كۆچمەنچىلىك ھاياتى كەچۈرۈپ يۈرگەن زامانلاردىن باشلاپلا يېڭى كۈن بايرىمىنى مىللىي بايراملىرى سۈپىتىدە قۇتلاپ ئۆتكۈزەتتى. ئوۋچىلىق، كۆچمەن - چارۋىچىلىق ۋە قىسمەن دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەجدادلىرىمىز ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سوغۇق ۋە قارلىق شىمالىي قىسمىدا ئەسىرلەردىن بېرى ھەر يىلى جۇت - زىمىستان قىشنى ئۆزدىتىپ، ھاياتبەخش كۆكلۈك باھارنى قارشى ئېلىشاتتى، چارۋا ماللار يايلاققا كۆچەتتى، دېھقانچىلىق باشلىناتتى، خەلق تۇرمۇشى باياشادلىقنى ئېھمىيەتتى، باھار ھەرقانداق كىشىلەرگە قارىغاندا چارۋىچى، دېھقان ۋە ئوۋچى خەلقلەر ئۈچۈن ھاياتىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، باھار يەنى كۈن بىلەن تۈننىڭ تەڭلەشكەن 21 - مارت كۈنى تۈركىي قەۋملەردە «قۇتلۇق يېڭى كۈن» — يېڭى يىل بايرىمى بولۇپ كەلگەنىدى.

يېڭى كۈن (نورۇز) بايرىمى قاچان باشلانغان؟ بۇ ھەقتە قولىمىزدا ئىشەنچلىك ئىلمىي مەنبە بولمىغانلىقتىن، كەسكىن بىر تارىخ بېرىش قىيىن. ئىلمىي تەتقىقاتچىلار نورۇز بايرىمى ۋە ئۇنىڭ تارىخى ھەققىدە تۈرلۈك قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نورۇزنى زەردۇشتلۇققا③، بەزىلىرى ئىسلامىيەتكە باغلاشتى. 1913-يىلى ت. بايرام ئەلى بەيۇف نورۇزنى ئاتەشپەرەستلىكنىڭ مەنبەئى بولغان زەردۇشتلۇققا باغلىسا، ئا. ئو. ماكوۋېلىسكى زەردۇشتلارنىڭ سەدىقە ۋە قۇربان بېرىش ئورنىغا مول ھوسۇلغا ئاتاپ غەزەل ئوقۇشنى ۋاجىب④

## بايراملار

ھېسابلايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرىدۇ، يەنە ئابدۇللا شائىق خاتىرىلىرىدە نورۇز بايرىمىنىڭ ئاتەشپەرەسلەر ئادەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى يازىدۇ.

نورۇزغا مۇناسىۋەتلىك تۆۋەندە يېزىلغان ۋەقە - ھادىسەلەردىن نورۇزنىڭ تارىخىنى تەخمىنەن بولسىمۇ بىلگىلى بولىدۇ.

## نورۇزغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقە - ھادىسەلەر

### 1. دىنىي مەنبەلەر بويىچە: نورۇز دۇنيا يارىتىلىشىنىڭ تاماملانغان كۈنى

نورۇزنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولغان ئىشلاردىن زامان ئېتىبارى بىلەن ئەڭ قەدىمكىسى دۇنيا يارىتىلىشىنىڭ تاماملانغان كۈنىدۇر.

مەلۇمكى، يەر شارىنىڭ يېشى ھەققىدە ئەسىرىمىزدىكى ئىلمىي تەتقىقاتلار ئوتتۇرىغا كەسكىن بىر رەقەم قويمىسىمۇ مۇنۇ ئىلمىي پەرزىيەنى قويىدۇ:

«...ئەزەلدە كائىنات يوق ئىدى، كېيىن پەيدا بولدى. دۇنيايىمىز 1 مىليارت يىل بۇرۇن مەيدانغا كەلدى، دەسلەپكى دېڭىز ھايۋانلىرى يېرىم مىليارت يىل، دەسلەپكى قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرى 350 مىليون يىل بۇرۇن ئوتتۇرىغا چىقتى، دەسلەپكى ئەمگۈزگۈچىلەر 70 مىليون، دەسلەپكى ئادىمىزات يېرىم مىليون يىل ئىلگىرى كۆرۈندى. ئادىمىزات 500 مىڭ يىل «تارىختىن بۇرۇنقى دەۋر»لىرىنى ياشىدى ۋە تارىخ دەۋرىگە كىرىش ئۈچۈن شەرت بولغان يېزىقنى تېپىش يولىدا 500 مىڭ يىل زامان كەچۈردى. تارىخ يېزىق بىلەن باشلانغاچقا بۇنىڭدىن 6000 يىلچە بۇرۇن مېسوپوتامىيىدە، سۇمېرىدە تارىخ باشلاندى، كېيىن مىسىر ۋە باشقا يېقىن شەرق ئەللىرى تارىخ دەۋرىگە كىردى. شۇنداق بولغاندا تارىخ دېيىلگەن ئىلىم ئادىمىزاتنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى زامانىمىزغىچە بولغان دەۋرىنىڭ پەقەت $\frac{1}{80}$ دىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر ئىلىمدىن ئىبارەت بولۇپ قالىدۇ...»

كائىناتنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا يۇقىرىدىكى ئىلمىي پەرزىيەدىن باشقا بۇ ھەقتىكى مەلۇمات، رىۋايەتلەر ئومۇمەن تەۋرات، زەبۇر، ئىنجىل... كەبى دىنىي مەنبەلەرنىڭ ئالەمنىڭ يارىتىلىشى (خىلقىتى ئالەم) بابىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئاللاھنىڭ دۇنيانى ئالتە كۈندە ياراتقانلىقى، يەكشەنبە كۈنى باشلاپ جۈمە كۈنى پۈتتۈرگەنلىكى ۋە بۇ كۈنلەرنىڭ ھەر بىرىنىڭ مىڭ يىلغا تەڭ ئىكەنلىكى، دۇنيا يارىتىلىشىنىڭ پۈتكەن كۈنىنىڭ نورۇز كۈنىگە توغرا كېلىدىغانلىقى... ۋە باشقىلاردىن ئىبارەتتۇر.

بۇ مەلۇماتلارنى كىم، قاچان، قانداق شەكىلدە بېكىتكەنىكەن؟ بۇ سوئالغا ھېچكىم قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرەلمەيدۇ. بەزى يازما مەنبەلەر بولسىمۇ بۇ قاراشلار ئىلىمگە زىت بىر ئەپسانىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەپسانە قاراشلار مەنتىقىمۇ سىغمايدۇ-خالاس.

دۇنيانىڭ ئالتە كۈندە يارىتىلىشى ھەققىدىكى رىۋايەتلەر بەزى تەرىقەت ئەھلى بولغان ئاشىق دەرۋىش شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىمۇ ئەكس ئېتىلگەن:

قايسى كۈندە بىنا قىلدى دۇنيانى؟
نە كۈندە مۇددىتى تامام بولۇپتۇ؟
... ... ... ... ...
يەكشەنبىدە بىنا قىلدى دۇنيانى.
جۈمەدە مۇددىتى تامام بولۇپتۇ.

### 2. نورۇز ھەققىدە ھەزرىتى ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت

دىنىي مەنبەلەر بويىچە تۇنجى يارىتىلغان ئادەم 80 يىل شەكىلسىز، 120 يىل روھسىز قالغاندىن كېيىن، ئاللاھ تەرىپىدىن تولۇق ئىنسان شەكلىگە كىرگۈزۈلىدۇ. ھاۋا ئانا

uyghurkitap.com

بىلەن جەننەتتە بىللە ياشاۋېتىپ، ئۆزىگە سەجدە قىلىشقا ئۇنىمىغان شەيتانغا ئالدىنىپ، مەنئىي قىلىنغان ئالما (بەزى رىۋايەتلەردە خورما ياكى بۇغداي) لاردىن يەپ قويغاچقا، ئاللاھنىڭ غەزىپىگە يولۇقىدۇ ۋە سەرەندىپ (سەيلون) ئارىلىغا تاشلىنىدۇ. سەيلوندىكى پىجۇد ئادەم تېغىدا، ھەزرىتى ئادەمنىڭ 70 گەز ئۇزۇنلۇقتىكى ئاياغ ئىزلىرىنىڭ بولغانلىقى ھازىرغىچە رىۋايەت قىلىنىپ كەلمەكتە. بۇددىستلار بۇددا ⑤، ھىندولار شىۋا ⑥ ئۈچۈن بۇ رىۋايەتتىن پايدىلانماقتا. قىلمىشىغا پۇشايمان قىلغان ئادەم ئاللاھتىن كەچۈرۈم سورايدۇ. ئاللاھ ئۇنى ئەپۇ قىلغانلىقىنى جەبرائىل ⑦ ۋاسىتىسى بىلەن بىلدۈرىدۇ. جەبرائىل ئۇنى مەككىگە يېقىن ئەرەپات تېغىغا ئېلىپ كېلىپ، كەئبە ياساشنى ئېيتىپ، تاۋاپ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدۇ.

ئادەمنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە قۇرئاننىڭ 26- سۈرىسى 15- ئايىتىدە: «بىز ئىنساننى قۇم بىلەن توپا ۋە لايدىن ياراتتۇق» مەنىسىدە بىر قەيت بار ئەمما 21 - مارتتا يارىتىلغانلىقىغا دائىر ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

«دۆۋسال ئوسمانى» ناملىق كىتابتا: مۇسەۋىيلەرنىڭ مۇقەددەس كىتابى «تەۋرات» (ئەھدى ئەتىق) نىڭ خىلقىتى ئالەم (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى) بابىنىڭ قارىشى بويىچە ھەزرىتى ئادەمنىڭ تارىخىنى زامانىمىزدىن بۇرۇن ئالتە مىڭ نەچچە يۈز يىل دەپ كۆرسىتىلگەن. بۇ ئىلمىي ئاساسى يوق قاراشتىن ئىبارەت.

### 3. نورۇز ھەققىدە نۇھ پەيغەمبەرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت

قۇرئانى كەرىمنىڭ ئەئراپ، مۇئمىنۇن، شۇئەرا، قەمەر، نۇھ، ھۇد ۋە ئەنكەبۇت سۈرىلىرىدە سۆزلەنگەن تۆتىنچى پەيغەمبەر ⑧ نۇھ شام ⑨ ئەتراپلىرىدا ياشايتتى. توغرا يولدىن چىقىپ، بۇتلارغا چوقۇنىدىغان ئۆز خەلقىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى.

950 يىل ئۆمۈر كۆرگەن نۇھ خەلقىنى توغرا يولغا باشلاپ، يامانلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن كۆپ ۋەز - نەسىھەت قىلغان بولسىمۇ قەۋمى ئاڭلىمىدى. پەقەت ئۈچ ئوغلى ھام، سام، ياپەس ۋە كېلىنلىرى ھەممە خەلقتىن 80 كىشى ئىمان ئېيتتى. قالغانلىرى نەسىھەتنى ئاڭلىماي ئەكسىچە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى نۇھنى ھاقارەتلىدى، خورلىدى، خاپا قىلدى. تۆتىنچى ئوغلى يامۇ ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىمىغانىدى.

ھەزرىتى نۇھ، قەۋمىنىڭ قىلمىش گۇناھلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاللاھتىن جازا بېرىشنى تەلەپ قىلدى. نۇھنىڭ دۇئاسى قوبۇل بولۇپ، توپان بالاسى بولىدىغانلىقى ھەققىدە نۇھقا خەۋەر بېرىلدى. نۇھ ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىر كېمە ياساتتىپ، بارلىق جاندارلاردىن بىرەر جۈپ ئالدۇ. توپان ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ، پۈتۈن ئەتراپنى سۇ باسىدۇ. نۇھنىڭ قەۋمى سۇدا غەرق بولۇپ، قىلمىشلىرىنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ. توپان ئالتە ئاي داۋام قىلىپ، ئاخىر سۇ قايتىدۇ، كېمە نورۇز كۈنى جۇد تېغىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرىدۇ. نۇھ بىلەن ئىمان ئېيتقان 80 ئۈممەتى ۋە كېمىدىكى جاندارلار قۇتۇلىدۇ. توپاندىن كېيىن نۇھ پەيغەمبەر مەلۇم ۋاقىت ياشاپ، كېيىن ۋاپات قىلىدۇ.

### 4. نورۇز ھەققىدە يۇنۇس پەيغەمبەرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت

زابلون ⑩ قەبىلىسىدىن ئاماتىنىڭ ئوغلى يۇنۇس ئىسرائىلار پەيغەمبىرى. قۇرئاننىڭ × سۈرىسى يۇنۇس سۈرىسى بولۇپ، يۇنۇس پەيغەمبەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلىدۇ. ياھۇدا ⑪ قىرالى ئوزدىياس ۋە ئىسرائىل ⑫ قىرالى يېروبوئام II زامانلىرىدا ياشىغان يۇنۇس نىنەۋا ⑬ خەلقىنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەنىدى. نىنەۋا خەلقى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىمىغاچقا، كەتمەكچى

بولغان يۇنۇس دىجلە دەرياسىنىڭ بويىغا بېرىپ كېمىگە چۈشكەنىدى، كېمە ئېغىرلىقىدىن ماڭالمىدى. كۆپچىلىك: «ئارىمىزدا بىر گۇناھكار بار ئىكەن، قۇرئە سالىمىز، قۇرئە كىمگە چىقسا شۇ دەرياغا تاشلىنىدۇ» دەپ قارار قىلىشىپ قۇرئە سېلىۋىدى، يۇنۇسقا چىقىپ قالدى ۋە دىجلىگە[14] تاشلاندى، ئۇنى بىر لەھەڭ بېلىق يۇتتى. يۇنۇس ئىجازەتسىز شەھەرنى تەرك ئەتكەنلىكى ئۈچۈن ئاللاھتىن كەچۈرۈم سورىدى، دۇئاسى ئىجابەت بولغان يۇنۇسنى، بېلىق نورۇز كۈنى قىرغاققا تاشلىدى، ھۇشسىز[15] بولۇپ ياتقان يۇنۇسقا ئاللاھ يېڭىدىن كۈچ بەردى، نىنەۋا خەلقىنى قايتىدىن توغرا يولغا باشلاشقا كىرىشتى. شەھەر خەلقى ئۇنىڭ سۆزلىرىنى قوبۇل قىلىپ تەۋبە قىلدى ۋە ھۆرمەتلىدى. يۇنۇس پەيغەمبەر 83 يېشىدا ۋاپات قىلدى.

## 5. نورۇزغا مۇناسىۋەتلىك ئەرگىنە قۇن ھەققىدىكى رىۋايەت

(1) دۆلىتىمىز تارىخىي مەنبەلىرىدە، تۈركىي قەۋملەرنىڭ پەيدا بولۇشى توغرۇلۇق تۈرلۈك رىۋايەتلەر بولسىمۇ ھەممىسىدە بۆرىدىن تۆرەلگەن دېيىلىدۇ. بۇ رىۋايەتلەرگە كۆرە: «... تۈركىي قەۋملەرنىڭ ئەجدادلىرى غەرب دېڭىزىنىڭ[16] غەربىدە ياشايتتى، ھۇنلارنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، ئاشىنا ئاتلىق ئىدى. بۇلار قوشنىلىرى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىپ، ساق قالغان ئون ياشلىق بىر بالىنىڭ پۇت قوللىرى كېسىلىپ قومۇشلۇققا تاشلىۋېتىلگەنىدى، بىر چىشى بۆرىنىڭ تەربىيىسىدە ھايات ياشاۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان دۈشمەنلەر خانى بالىنى ئۆلتۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتكەنىدى، بۆرە بالىنى ئالتاي تاغلىرى قورشاپ تۇرغان خالىي بىر جايغا ئېلىپ قېچىپ، ئۆڭكۈردە تەربىيىلەپ ئۆستۈردى ۋە ئون بالىلىق بولۇشتى. بۇ بالىلار بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇشۇپ، ھەر بىرىدىن بىر قەبىلە مەيدانغا كېلىدۇ. بۇلاردىن بىرسى ئاشىنا قەبىلىسى ئىدى. ١٧ ئەسىر ياشاپ كۆپەيگەن بۇ ئەل ئاسانچا ناملىق بىر باتۇر باشلىقىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نورۇز كۈنى تاغنىڭ سىرتىغا چىقىپ ئەتراپقا تارىلىدۇ، تېخىمۇ كۆپىيىپ، بەگلىكلەر، خانلىقلار، خاقانلىقلار قۇرۇشىدۇ».

(2) تارىخچى رەشىدىددىننىڭ ئەسىرىدە «ئەرگىنە قۇن داستانى» چىڭگىزنىڭ نەسەبىگە باغلىنىپ، باشقىچىرەك بىر شەكىلدە بېرىلگەن.

رەشىدىددىننىڭ رىۋايىتىچە: «... ٧-ئەسىردە جۇەن - جۇەنلەر (ئاۋارلار) تەرىپىدىن ئالتاي تاغلىرىدىكى مەئدەن ئوچاقلىرىدا ئىشلىتىلىۋاتقان بىر تۈركىي قەبىلىنىڭ ئىسيان قىلىپ، نورۇز كۈنى قۇتۇلغانلىقلىرى جۇڭگو يىلنامىلىرىدە يېزىلغان. شەخس سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن بۆرتەچىنەنىڭ موڭغۇلچىدا «بوزبۆرى» مەنىسىدە ئىكەنلىكى بۇ رىۋايەتنىڭمۇ «ئەرگىنە قۇن داستانى»نىڭ ئەڭ قەدىمكى شەكلىگە باغلىنىدىغان ئالامەتلەردىن ھېسابلىنىدۇ.

رەشىدىددىن تەرىپىدىن بېرىلگەن رىۋايەت شەكلى تۆۋەندىكىچە: «... ئىلخان موڭغۇللارغا، سۆيۈنچخان تاتارلارغا باشچىلىق قىلاتتى. كۆپ نوپۇسقا ئىگە موڭغۇللار ئەتراپىتىكى قەبىلىلەر بىلەن ئۇرۇشۇپ دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانىدى. يېڭىلگەن سۆيۈنچخان قىرغىزلار خانى بىلەن باشقا خانلارنى ئۆز تەرىپىگە تارتىپ ئومۇمىيۈزلۈك ئىسيان قوزغىدى، ھىيلە - نەيرەڭ بىلەن، توپ ياشاۋاتقان پۈتكۈل موڭغۇللارنى قىرىپ تاشلىدى. ئىلخاننىڭ شۇ يىلى ئۆيلەنگەن ئوغلى قىيان بىلەن جىيەنى تۇقۇز قۇتۇلۇپ قالغانىدى.

www.uyghurkitap.com

بۇلار ئاياللىرى بىلەن قېچىپ يىلقا، كالا، قويلىرى نۇرغۇن بىر جايغا كەلدى. بۇ يەردىكى مال پادىلىرىنى ھەيدەپ، قار بىلەن قاپلانغان تىك بىر تاغدىن ئۆتتۈدىغان يول بىلەن ماڭدى، خەۋپلىك يەرلەردىن ئۆتۈپ، ئاخىرىدا تاغلار قورشاپ تۇرغان ئېقىن سۇلىرى، ھەر خىل دەل-دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلىرى، ئوۋ ھايۋانلىرى بار خالىي ئوبدان بىر جايغا ئورۇنلاشتى. يازدا ماللىرىنىڭ سۈت-قېتىق، قېمىزلىرىنى ئىچتى، قىشتا ئەتلىرىنى يېدى، تېرىسىنى كىيىشتى، بۇ يەرگە ئەركىنە قۇن دەپ ئات قويۇشتى. تۆت يۈز يىل مۇشۇ جايدا ياشاشتى، نوپۇسلىرى كۆپىيىپ بۇ يەرگە سىغىشالمىغانلىقتىن چىقىپ كېتىشكە قارار قىلىشقان بولسىمۇ، يول تېپىشالمىغانىدى. ئارىلىرىدىن بىر تۆمۈرچى: «تاغنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە مەئدەنلىك بىر جاي بار، شۇ يەرنى ئېرىتسەك يول ئېچىلىدۇ» دەپ مەسلىھەت بېرىدۇيدى، ئاشۇ يەرگە بىر قەۋەت ئوتۇن، بىر قەۋەت كۆمۈر دۆۋىلەشتى، 70 تېرىدىن كۆرۈك ياساپ، 70 يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، بىراقلا كۆرۈكلەشكە باشلىغانىدى، ئېرىگەن جايدىن بىر يۈكلۈك تۆگە ماڭالىغۇدەك يول ئېچىلدى. نورۇز كۈنى ئىدى، ئەركىنە قۇندىن چىقىپ، خانلىرى بۆرتەچىنەنىڭ باشچىلىقىدا تاتارلارغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى يەڭدى».

## 6. نورۇز ھەققىدە جەمشىدكە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت

ئىران مەنبەلىرىگە كۆرە: ئىراننىڭ ئەپسانىۋى پادىشاھلىرىدىن شارابنىڭ ئىجادچىسى جەمشىد پاكى جەم دۇنيا ساياھىتىدىن كېيىن يارىتىپ قالغان ئازەربەيجاندا پارقىراق ۋە ئەتراپنى يورۇتۇپ تۇرىدىغان بىر تەخت ياساتتىپ، نورۇز كۈنى تەختكە ئولتۇرۇپ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بەزم جەمشىدي دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان شاھانە زور زىياپەت بەرگەنىكەن. بۇ كۈن ئىرانلىقلارنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ئەنئەنىگە ئايلىنىپ، ھازىرغىچە نورۇز بايرىمى سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈلۈپ كەلمەكتە.

## 7. نورۇز ئىراندىمۇ بايرام

ئىرانلىقلار نورۇزنى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي بايرىمى ھېسابلاپ: «روزى نېۋ، ئېيدى ئەۋۋەل-ى سال، روزى ئەۋۋەلى فەرۋەردىنكى، جوشەنى مىللىي ئىرانىيانەست. نەۋرۇزى سۇلتانى ھەم مەكۇنەند[17]» دەيدۇ. بۇنىڭ تەرجىمىسى: يېڭى كۈن يىلنىڭ دەسلەپكى بايرىمى، ھارت ئېيىنىڭ دەسلەپكى كۈنى، ئىرانلىقلارنىڭ مىللىي بايرىمى بولۇپ، نەۋرۇز سۇلتانى[18] بىلەن بىر كۈنگە توغرا كېلىدۇ.

## 8. نورۇز ھەققىدە ئەھمەنىلەرگە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت

مىلادىيەدىن بۇرۇن 559 - يىلدىن 330- يىلىغىچە ئىراندا 230 يىل سەلتەنەت سۈرگەن ئەھمەنىلەر سۇلالىسى دەۋرىدە رەسمىي يىل قۇياش قوزا بۇرجى دائىرىسىگە كىرگەن ۋاقىت نورۇز بىلەن باشلىناتتى. ئەمما ئىران خەلقى ئارىسىغا تېخىمۇ كەڭ تارقالغان قەدىمكى بىر ئادەتكە كۆرە يازلىق يىغىم ۋاقتى نورۇز ھېسابلىنىپ خەلق زور داغدۇغا بىلەن بايرام قىلىشاتتى. دېمەك ئىراندا 2500 يىلدىن بېرى نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزۈپ كەلمەكتە.

## 9. نورۇز ھەققىدە كۈرتلارغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت

جەمشىدنامە ۋە شاھنامە رىۋايەتلىرىگە كۆرە: زالىم ۋە مۇستەبىت زەھھاك ئىرانلىقلارنى جۇملىدىن كۈرت خەلقىنى قاتتىق ئېزىپ قانخورلۇق قىلغىنى ئۈچۈن تۆمۈرچى قاۋە كۈرت خەلقىنى قوزغاپ نورۇز كۈنى زەھھاك

ئۇستىدىن غەلىبە قىلغانىكەن. شۇڭا كۆرتلارمۇ نورۇز كۈنىنى ئۆزلىرىنىڭ ئازادلىق بايرىمى سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈشىدۇ.

## 10. نورۇز ھەققىدە ھەزرىتى مۇھەممەدكە مۇناسىۋەتلىك رىۋايەت

دىنىي رىۋايەتلەر ۋە ئىسلام تارىخ مەنبەلىرىدىكە كۆرە: ھەزرىتى مۇھەممەد 40 ياشقا كىرگەن يىلى 27 - رامزان كېچىسى ھىرا تېغىدىكى غاردا ئىستىقامەت قىلىۋاتقاندا، تۇنجى ۋەھىي[19] ئېلىپ كەلگەن مەلەك جەبرائىل ئۇنىڭغا پەيغەمبەر بولغانلىقىنى خەۋەر قىلغانىدى. پەيغەمبەر بولۇش مۇناسىۋەتى بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەد مىلادى 610 (ھىجرەتتىن 11 يىل بۇرۇن)— يىلى نورۇز كۈنى پەيغەمبەرلىك خىلئەت (تون)نى كىيگەنىدى.

## 11. ھەزرىتى ئەلى ھەققىدە نورۇزغا مۇناسىۋەتلىك مەنبەلەر ۋە رىۋايەتلەر

ھەزرىتى ئەلىگە دائىر رىۋايەتلەر يازما ۋە كۆپرەك ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. نۇرغۇن خەلق ھېكايىلىرىدە قەھرىمانلىرىنىڭ مەشۇقلىرىنىڭ ئىشقى يولىدا ئىچكەن مەيلىرى تېما قىلىنغان بولۇپ، بۇ مەي پىر، خىزىر ياكى نۇرانى بىر دەرۋىشنىڭ قولىدىن ئىچىلىدۇ. ئەمما ئىران مەنبەلىك ھېكايىلاردا بۇ ۋەزىپە ھەزرىتى ئەلىگە بېرىلگەن يەنى قەھرىمانغا ئىشق شارابىنى ئىچۈرگەن، ئۇنى تۈرلۈك خەۋپلەردىن قوغداپ قالغان نەتىجىدە مەشۇقىغا قاۋۇشتۇرغان ھەزرىتى ئەلىدۇر. ھازىر شىنجاڭنىڭمۇ بىر قانچە يېرىدىكى تاغ قىيالىقلىرىدا ئادەمنىڭ قولى ياكى ئايىغىغا ئوخشاپ قالىدىغان شەكىللەر كۆپىنچە ھەزرىتى ئەلىگە ئىزاپە قىلىنماقتا. يەنە تاشلار ئۈستىدىكى ھايۋان تۇياقلىرىنىڭ، ئوقۇرلارنىڭ ئىزلىرىمۇ ئەلىنىڭ ئېتى دۇلدۇلغا بېرىلمەكتە، بۇنداق ئىزلار ھەقىقەتەن ئەلىنىڭمۇ ياكى باشقا بىر كىشى تەرىپىدىن ئىشلەنگەنمۇ ۋە ياكى تاشنىڭ تەبىئىي شەكلىمۇ؟ بۇ ھۆكۈم كىتابخانىلارنىڭ ئەقلىي ۋە ئىلمىي مۇھاكىمىسىگە قالدۇرۇلىدۇ. ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولۇپمۇ قەشقەر رايونىغا كەلگەنلىكىگە دائىر ھېچقانداق تارىخىي مەنبە يوق.

شىئەلەر ۋە شىئەلەرگە مەنسۇپ ئىسلام تەرىقەتلىرىنىڭ ئېغىز ۋە يازما ئەدەبىياتلىرىدا ھەزرىتى ئەلىگە دائىر يازمىلار ئۆز بىر كۈللىيات تەشكىل قىلىدىغانلىقى كۆپچىلىككە مەلۇمدۇر. ئۇنىڭ شەخسىيىتى، جەڭلىرى، دۇلدۇل ئاتلىق ئېتى، زۇلپىقار ئىسىملىك قىلىچى، قەمبەر ئاتلىق غۇلامى ھەققىدىكى ھېكايە - رىۋايەتلەرنى پۈتۈنلەي سۆزلەپ ئۆتۈشكە ئىمكانىيەت يوق. تۆۋەندە پەقەت ھەزرىتى ئەلىگە دائىر نورۇز ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنىلا بېرىپ ئۆتمەكچىمىز.

**(1) ھەزرىتى ئەلى نورۇز كۈنى تۇغۇلغان**

رىۋايەتلەرگە كۆرە: ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئانىسى پاتىمە ئەسئەد قىزى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، تۇغۇت ئاغرىقى باشلانغان بولسىمۇ، زىيارىتىنى داۋاملاشتۇرغان. ۋاقتى-سائىتى توشۇپ ھەزرىتى ئەلى مىلادى 596-يىلى نورۇز كۈنى دۇنياغا كەلگەن.

**(2) نورۇز كۈنى ھەزرىتى ئەلى بىلەن پاتىمە ئۆيلەنگەن**

پەيغەمبەرنىڭ سۆيۈملۈك قىزى پاتىمە ئانا نورۇز كۈنى ھەزرىتى ئەلى بىلەن ئۆيلەندۈرۈلگەنىدى. ئىمام ھەسەن بىلەن ئىمام ھۈسەيىن ئەلى بىلەن پاتىمەنىڭ ئوغۇللىرىدۇر.

**(3) نورۇز ھەزرىتى ئەلى خەلىپە بولغان كۈن**

ئۈچىنچى خەلىپە ئوسمان بىننى ئەففان مىلادى 656 - يىلى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن شۇ يىلىنىڭ

www.uyghurkitap.com

نورۇز كۈنى ھەزرىتى ئەلى خەلىپە بولغانىدى.

رىۋايەتلەرگە كۆرە: ئەلىنى تەبرىكلەپ كەلگۈچىلەرنىڭ ھەدىيە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئەلىنىڭ خىزمەتچىسى نورۇز، بىساتىدا بار بىر دانە تۇخۇمنى قىزىل بوياپ ھەزرىتى ئەلىنى تەبرىكلەپ كىرگەن ۋە ھەدىيىسىنى بەرگەن. نورۇزنىڭ بۇ سەممىي ئاددىي سوۋغىسىدىن خۇشلانغان خەلىپە ئەلى يېنىدىكىلەرگە: «بۇندىن كېيىن مېنىڭ شىئەلىرىم ھەر يىلى مۇشۇ كۈننى نورۇز بايرىمى قىلىپ قۇتلىسۇن!» دېگەنىكەن. شۇندىن باشلاپ شىئەلەر زامانىمىزغىچە نورۇز كۈننى بايرام سۈپىتىدە ئۆتكۈزۈشنى داۋام قىلىپ كەلگەن. ئەلىگە باغلىق بولغان ئەلەۋىيلەرمۇ ھەر يىلى نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشىدۇ.

## 12. ئاببىاسىيلار دەۋرىدە نورۇز

مىلادى 750 - يىلىدىن 1258 - يىلىغىچە 508 يىل سەلتەنەت سۈرگەن ئاببىاسىي خەلىپىلىرى دەۋرىدە، سارايدىمۇ نۇرغۇن ھازىرلىقلار كۆرۈپ نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزۈلەتتى. نورۇز بايرىمىدا سوۋغىلار قوبۇل قىلىناتتى، تۇخۇم ھەر خىل رەڭلەردە بويىلاتتى، ھالۋا پىشۇرۇلاتتى، كوچا - رەستىلەردە ئاھالىلەر بىر-بىرىگە خۇشبۇي سۇلار چېچىشاتتى، پىشەكلەر (پوجاڭزىلار) ئېتىلاتتى. كېيىن بۇ ئويۇن-تاماشىلار چېكىدىن ئېشىپ، پىشەك ئېتىشلاردىن كېلىپ چىققان خەۋپلىك ھادىسىلەر تۇپەيلى خەلىپە مۇتەدىد (خىلاپەت دەۋرى 892-902- يىللار) دەۋرىدە سۇ چېچىش بىلەن پىشەك ئېتىش مەنئىي قىلىنىپ، نورۇز بايرىمى ئىيون ئېيىغا يەنى يازلىق يىغىم پەسلىگە ئۆزگەرتىلگەنىدى. شۇ تۇپەيلى بەزى ئىسلام ئەللىرىدە «مۇتەدىد نورۇزى» دەپ ئاتالدى.

## 13. چاغان ئەمەلىيەتتە نورۇز بايرىمىدۇر

«باھار بايرىمى» (چاغان) خەنزۇ قېرىنداشلارنىڭ ئەنئەنىۋى خەلق بايرىمى بولۇپ يېڭى يىل بايرىمى ھېسابلىنىدۇ، ئەمەلىيەتتە نورۇز بايرىمىغا ئوخشايدۇ. جۇڭگودا خەن، جۇاڭ، بويى، دۇڭ، چاۋشيەن، گېلاۋ، ياۋ، شې، جىڭ، داخۇر.... قاتارلىق مىللەتلەر باھار (نورۇز) بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشىدۇ. ياپونىيە، چاۋشيەن، ۋيېتنام قاتارلىق ئەللەرمۇ باھار بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشىدۇ.

باھار بايرىمى جۇڭگودا مۇندىن 4200 يىل بۇرۇن باشلىنىپ ھازىرغىچە ئۆتكۈزۈلۈپ كەلمەكتە.

«تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»لارغا قارىغاندا، شيا (夏) تەۋۋىمى (قەمەرىيە يىلى) بويىچە 1- ئاينىڭ دەسلەپكى كۈنى— «تۆت باشلانما» (يىل، پەسىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ باشلانما) كۈنى ھەم «ئۈچ يېڭىلانما» (يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ يېڭىلانما) كۈنى ھېسابلىنىدۇ. يېڭى يىلنىڭ باشلانغان كۈنى كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەر يېڭىدىن باشلانما قىلغاچقا، قەدىمكىلەر بۇ كۈننى تەبرىكلەپ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىشاتتى، ئەرۋاھلارغا، ئەجدادلىرىنىڭ روھ-ئاناتلىرىغا ئاتاپ نەزرە - نىياز قىلىشاتتى، ھاۋارايىنى بىلىش ئۈچۈن پال سېلىپ، مول ھوسۇل تىلىشەتتى... شۇنداق قىلىپ تەدرىجىي يوسۇندا مەزمۇنى مول باھار بايرىمى شەكىللەنگەنىدى.

## 14. قۇياشنىڭ بىلىق بۇرجىدىن قوزا بۇرجىغا كىرگەن كۈنى

بۇرج — قۇياشنىڭ يىللىق كۆرۈنمە ھەرىكەت يولى — ئېكلىپتىكا بويلاپ جايلاشقان 12 يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ ئورتاق نامى. ئۇنىڭ شىمال، جەنۇب ئىككى چېتى 9° كەڭلىكتىكى ھالقىسىمان رايوندىن ئىبارەت بولۇپ، ئاي

بىلەن بەزى ئاساسىي پلانېتلار بۇرج (زودىئاك) چەمبىرى دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدۇ.

12 بۇرج تۇركۇملىرىنىڭ نامى كۆپىنچە ھايۋان ناملىرى بىلەن ئاتالغان بولۇپ، ئۇلار: قوزا (ھەمەل)، ئۇي (سەۋر)، قوشكېزەك (جەۋزا)، تىمساھ (سەرەتان)، شىر (ئەسەد)، باشاق (سۈنبۈلە)، تارازا (مىزان)، چايان (ئەقرەب)، ئوقيا (قەۋس)، ئوغلاق (جەدى)، سۇغا (دەلۋ)، بېلىق (ھۇت)لاردىن ئىبارەت.

قۇياش ئېكلىپتىكا بويلاپ ھەرىكەت قىلىش جەريانىدا بۇرج تۇركۇملىرىنىڭ ھەر بىرىدە بىر ئايدىن⑳ تۇرغاچقا، ئايلار قۇياش تۇرغان ئاينىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە باھار ئايرىمىسى (نۇقتىسى) ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ تۇرغاچقا، ھەر 70 يىلدا 1° يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. قۇياشنىڭ ھازىرقى ئايلىق ئورنى قوشنا بولۇپ تۇرغان ئىككى يۇلتۇز تۇركۇمىنىڭ دائىرىسىدە بولسىمۇ يەنىلا بۇرۇنقى ئالامىتى بولغان مارت (قوزا) ئېيىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

بۇلاردىن مەلۇم بولدىكى، يۇقىرىدا نورۇز توغرۇلۇق كۆرسىتىلگەن 19 ماددىلىق مەلۇماتلاردىنىي، تارىخىي مەنبەلەر ۋە رىۋايەت ئەپسانىلەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇرج ھەققىدىكى مەلۇماتلا ئىلمىيدۇر.

تېخىمۇ ھەققىدە چوڭقۇرراق ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ بىرەر ئىلمىي خۇلاسە چىقىرىشتىن بۇرۇن نورۇزنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى بىر نەچچە پارچە شېئىر، بەزى ۋەقە ھادىسىلەرگە قاراپلا ئۇ ياكى بۇ مىللەتكە تەۋە قىلىۋېتىش ئىلمىي قاراش ئەمەس. قولۇمدا بۇ ھەقتىكى بار ماتېرىياللارغا قارىغاندا نورۇز بىرەر مىللەتكىلا خاس بايرام بولماستىن، شەرقىي ئاسىيادىن كىچىك ئاسىياغىچە سوزۇلغان كەڭ رايونلاردا ياشاپ كېلىۋاتقان ياپونلار، خەنزۇلار ۋە جۇڭگودىكى نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەر، ۋيېتناملار، ھىندىلار، پارسلار، ئەرەبلەر، كۇرتلار، موڭغۇللار ۋە بارلىق تۈركىي قەۋملەر قاتارلىق ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق ئىنتېرناتسىئونال بايرىمىدۇر.

ئىزاھلار:

① مەنشە — كېلىپ چىقىشى، مەنبەسى، يىلتىزى.

② قەدىمكى ئىرانلىقلار تۈركىي قەۋملەرنى تۇرانلىقلار دەيتتى. «شاھنامە» ئىران، تۇران مۇناسىۋىتىنى چۆرىدەپ يېزىلغان ئەسەر. ئالىپ ئەرتوڭا (ئەفراسىياپ) تۇران خاقانىدى.

③ زەردۇشتلۇق — مىلادىدىن بۇرۇن V - ئەسىرلەردىمۇ ئىلگىرى زەردۇشت ناملىق كىشى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان دىن. بۇ دىننىڭ تەلىماتلىرى «ئاۋېستا» ناملىق كىتابتا بايان قىلىنىدۇ.

④ ۋاجىب — مۇسۇلمانلىقتا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلار.

⑤ بۇددا — ھەر خىل دۇنياۋى ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن ۋاز كېچىپ، ئىلھام يولى بىلەن كامالەتكە ئېرىشكەن ۋە مەنىۋى كۈچ ئارقىلىق مەڭگۈ ئازاد بولغان شەخس.

⑥ شىۋا — ھىندى دىنىدە ئەڭ مۇھىم ئۈچ تەڭرىدىن بىرى بولۇپ، بەرىكەت ۋە ئۆلۈم تەڭرىسىدۇر.

⑦ جەبرائىل — تەڭرىگە ئەڭ يېقىن بولغان تۆت مەلەكتىن بىرى بولۇپ، بەرىكەت ۋە ئۆلۈم تەڭرىسىدۇر.

⑧ تۆتىنچى پەيغەمبەر — بەزى مەنبەلەردە نۇھ پەيغەمبەرنى ئۈچىنچى پەيغەمبەر دېيىلسە بەزى مەنبەلەردە تۆتىنچى پەيغەمبەر دېيىلگەن. ئادەم، شىش، ئىدرىس، نۇھ... دەپ بېرىلگەن ئورۇن تەرتىپىگە قاراپ تۆتىنچى پەيغەمبەر دېيىلدى.

⑨ شام — سۈرىيىنىڭ پايتەختى دەمەشق.

⑩ زابلون — ئىبرانىيلارنىڭ بىر قەبىلىسى.

⑪ ياھۇدا — مىلادىدىن بۇرۇنقى زامانلاردا ئىبرانىي دۆلىتىنىڭ قىرال—پەيغەمبىرى سۇلايمان ۋاپات قىلغاندىن كېيىن دۆلىتى ئىككىگە بۆلۈنگەنىدى. بىرى ياھۇدا دۆلىتى بىرى ئىسرائىل دۆلىتى ئىدى.

⑫ ئىسراپىل — ⑪ ئىزاھقا قارالسۇن.

⑬ نىنەۋا — ئاسسۇرىيە قىراللىقىنىڭ پايتەختى. دىجلە دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدا، مىلادىدىن بۇرۇن ئۈچىنچى مىڭ (زامانىمىزدىن بەش مىڭ يىل بۇرۇن) يىللاردا قۇرۇلغان شەھەر.

⑭ دىجلە دەرياسى — ئاناتولىيىدىكى تاۋروس تاغلىرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىن ھاسىل بولۇپ، قورنا دېگەن يەردە پىرات دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، شەتتۇلئەرەب دېيىلىدۇ. بەسرە قولتۇقىغا قۇيۇلىدۇ. پۈتۈن ئۇزۇنلۇقى 1950 كىلومېتىر.

⑮ بىر رىۋايەتتە ئۈچ كۈن، بىر رىۋايەتتە 40 كۈن بېلىق قارنىدا قالغان دېيىلىدۇ.

⑯ غەربىي كۆل (西海) —بۇ ئاتالما ھەققىدە تۆۋەندىكى رىۋايەتلەر بار:

1) پارس قولتۇقى، قىزىل دېڭىز، ئەرەبىستان دېڭىزى، ھىندى ئوكيانىنىڭ غەربىي شىمال قىسمى غەربىي كۆل دەپ ئاتالغان؛

2) غەربىي خەن خاقانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭخەي (كۆككۆل) غەربىي كۆل دېيىلگەن؛

3) شەرقىي خەن دەۋرىدە ئىچكى موڭغۇل قويۇن كۆلى ئەتراپلىرى غەربىي كۆل ۋىلايىتى دەپ كۆرسىتىلگەن؛

4) باغراش كۆلى غەربىي كۆل دېيىلگەن؛

5) ئوتتۇرا دېڭىز غەربىي كۆل ئاتالغان.

بۇ يەردە ئارال كۆلى ياكى كاسپىي دېڭىزى كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك.

⑰ ھەسەن ئاھمەد، فەھرەلى ئاھمەد، تېھران. 1968م / 1347ھ.

⑱ سۇلتان نەۋرۇز ئاملىق بىرسىدىن قالغان بولۇپ، بۇ سۇلتان كەمبەغەللەرنى ھىمايە قىلغانلىقى ئۈچۈن خەلق بۇ كۈننى ئۇنىڭ ئامىدا خاتىرىلىگەن.

⑲ ۋەھىي — بىر پەيغەمبەر ياكى بىر بۈيۈكنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن پەيغەمبەرگە بىلدۈرۈلۈشى.

⑳ قۇياشنىڭ بۇرج تۇركۈملىرىدىكى ۋاقتى:

| | |
|---|---|
| 21-مارت / 20-ئاپرېل | 21-سېنتەبىر / 20-ئۆكتەبىر |
| 21-ئاپرېل / 20-ماي | 21-ئۆكتەبىر / 20-نويابىر |
| 21-ماي / 20-ئىيۇن | 21-نويابىر / 20-دېكابىر |
| 21-ئىيۇن / 20-ئىيۇل | 21-دېكابىر / 20-يانۋار |
| 21-ئىيۇل / 20-ئاۋغۇست | 21-يانۋار / 20-فېۋرال |
| 21-ئاۋغۇست / 20-سېنتەبىر | 21-فېۋرال / 20-مارت |

## پايدىلىنىلغان مەنبەلەر

1. نەۋرۇز دوتسېنت، دوكتور زەينەل ئابىدىن ماقاس
2. مەيدان لاروئوسسى ئېنسىكلوپېدىيىسى
3. قىسقىچە بىرىتانىيە ئېنسىكلوپېدىيىسى
4. ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى
5. جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيىسى
6. سىغدىي
7. تارىخىي خاتىرىلەر
8. ساباھ گېزىتى

1988 - يىل 1 - مارت، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت

## ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرىدىن

ئاز يەپ كۆپ چاينا،
ئاز سۆزلەپ كۆپ ئاڭلا.

ئاش كەلسە يە،
سۆز كەلسە دە.

ياخشى گەپ ئىسسىتقۇ،
يامان گەپ سوۋۇتقۇ.

تىلى ئىختىيارسىزنىڭ سۆزى ئېتىبارسىز.

سۆزنىڭ لەززىتى مۇز بىلەن،
ئاشنىڭ لەززىتى تۇز بىلەن.

زالىمدا ۋاپا يوق،
پاسىقتا ھايا يوق.

ياسانچۇق مەردانە بولماس،
كېپىنەك پەرۋانە بولماس.

كەمتەر كامال تاپار،
مەنمەنچى زاۋال تاپار.

توپلىغۇچى: قادىر ھوشۇر

www.uyghurkitap.com




مامۇت زايىت

## كۈچا قىزى

كۈچا قىزى—جەننەت قىزى،
مۇقام، ئۇسسۇل—سەنئەت قىزى.
ھۆرزاماندا بەختى كۈلگەن،
باتۇر، ئىشچان مىللەت قىزى.

گۈزەللىكتە ئۇ پەرىزات،
گۈل ھۆسنى ئاي، بويى شەمشات،
ئۆمرى خۇشال، يۇرتى ئاۋات،
سۆيگۈ، ۋاپا، خىسلەت قىزى.

ياشلىقىنى بىر گۈل دېدىم،
داۋان ئاشسا دۇلدۇل دېدىم،
ناخشا ئېيتسا بۇلبۇل دېدىم،
تۆھپە، ئىجاد، شۆھرەت قىزى.

كۆز تەگمىسۇن جامالىغا،
يەتسۇن بەخت- كامالىغا،
نېسىپ قىلسۇن ۋىسالىغا،
شەرەپ، ئالقىش، ھۆرمەت قىزى.

## مارجان بۇلاق بويىدا

1

مارجان بۇلاق بويىدا،
مەن تۇرىمەن خىيالچان.
يۈرىكىمدە سېغىنىش،
ۋۇجۇدۇمدا ھاياجان.

بۇلاق كۈيلەر: «يارىڭنىڭ
مۇھەببىتى ئېقىن» دەپ.
شىۋىرلايدۇ مەجنۇنتال:
«كېلەر ۋاقتى يېقىن» دەپ.

2

مارجان بۇلاق بويىدا،
ئۇزاتقانىدىم يار سېنى.
دېگەنىدىڭ: «پەرىشتەم
سادىق بولۇپ كۈت مېنى».

ماڭدىڭ، نېفىت كان تېپىپ،
ئەلگە تەقدىم ئەتكىلى.
ئۇزۇن بولدى مەن سېنى
ساداقەتتە كۈتكىلى.

3

ئىش ئىزىڭنى ئاڭلىدىم،
گېزىتلەردىن، خەتلەردىن.
بەردىڭ ئەلا ئىمتىھان،
سۆيگۈدىكى شەرتلەردىن.

تېزرەك كەلگىن، كۈتىمەن،
مارجان بۇلاق بويىدا.
ۋىسال تاپسۇن مۇھەببەت،
ئىككىمىزنىڭ تويىدا.

## دەۋرىمىزدە مۇھەببەت

جېنىم ئاتا نېمىشقا
ئۆز قىزىڭنى خورلايسەن؟
ئابروي ئۈچۈن، پۇل ئۈچۈن
توي قىلىشقا زورلايسەن؟

پەرۋايىڭ يوق كۆز يېشىم
يامغۇر بولۇپ قۇيۇلسا.
پارە-پارە بولمامدۇ
گۆھەر تاشقا ئۇرۇلسا.

سۆيگىنىم بار، ياردىم بار،
ئايرىلمايمەن تائەبەد.
بىلىپ قويغىن مال ئەمەس،
دەۋرىمىزدە مۇھەببەت.

## ئۇسسۇلچى قىز

كۆزۈڭ يۇلتۇز، يۈزۈڭ ئاي،
قېشىڭ ياغا ئوخشايدۇ.
ئەلگە مېھرىڭ- ھۆرمىتىڭ،
بىر دەرياغا ئوخشايدۇ.

ئەۋرىشىمدەك تولغىنىپ،
ئويناشلىرىڭ چىرايلىق.
ناز-كەرەشمە، جىلۋىدە
قاراشلىرىڭ چىرايلىق.

ئوينا-ئوينا ئەي گۈزەل،
بىلەكلىرىڭ تالمىسۇن.
سەنئەتخۇمار خەلقىڭنىڭ،
دىلىدا ئارمان قالمىسۇن.

## مەن كۆيدۈممۇ يا سەنمۇ؟

ئاي مەسەللىك ئەي گۈزەل،
پەرىمۇسەن، ئادەممۇ؟
بىلەلمىدىم سىرىڭنى،
مەن كۆيدۈممۇ ياسەنمۇ؟

باقسام ساڭا تىلىم لال،
سېنىڭدىمۇ ئاشۇ ھال،
يوپۇرماقتەك تىترىگەن
كىم ئۇ، سەنمۇ يا مەنمۇ؟

مەن تىرىشچان ئىجادكار،
سەن ناخشىچى سەنئەتكار،
ياخشى لايىق دېمەسمۇ،
بىزنى بارچە ئادەممۇ؟

سىرىڭنى ھېچ بەرمەيسەن،
«ئامرىقىم» دەپ كۈيلەيسەن،
سېنىڭ سۆيگەن ئامرىقىڭ
مەنمۇ، جېمى ئالەممۇ؟

مەسئۇل مۇھەررىرى: ساتتار توختى

# مۇناپىقنىڭ ئۆلۈمى



(پوۋېست)

مۇھەممەتئىلى زۇنۇن

## مۇقەددىمە

تولۇنئاي چاھار باغلار ئارا ئۈن - تىنسىز سەيلى قىلىۋاتقان شاھ سەنەمنى ئەسلەتتى. ئۇ، قارا بۇلۇتلار قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. گويا خىيانەتكار ئابدۇللا شاتىرنىڭ ھاياسىز كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان شاھ سەنەم گۈزەل جامالىغا قارا رومال ياپتى.

مۇشۇ كېچىدە ئاققۇدەك ئايغىر ئۈستىگە قونغان ئاپئاق ساقال پەرىشتە قىياپەتلىك بىر كىشى شەھەر سىرتىدىن قۇمدەرۋازا تەرەپكە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. قاسساپلارنىڭ كانارلىرى باغلىنىدىغان جۈپ - جۈپ سېرىق سۆگەتلەر ئەتراپىدا ياتقان لالما ئىتلار قاسقاندەك سەللە ئورىۋالغان ئاق لىباسلىق بۇ زاتقا خىرىس قىلمايتتى، قاۋىمايتتى، بەلكى ئىتائەتمەنلىك بىلەن قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ قوياتتى. ئاق ئايغىر، قېرى گۆرۈكەشنىڭ مەيخانىسىغا يېقىنلاشتى. مەيخانىنىڭ ئىشىك بېشىغا ئېسىلغان ئالتە بۇرجەكلىك قىزىل



پانۇس شولىسى پەرىشتە قىياپەتلىك زاتنىڭ چېھرىسىدە جىلۋىلەندى. ئاشۇ پانۇستەك قىزارغان بۇ چىرايدىن غورۇرلۇق كۈلكىسى يېغىپ

تۇراتتى. چۈنكى ئۇ، خاسىيەتلىك شىدۋدقەددىردىكە يولۇققانىدى. تۈگىمەس-پۈتمەس بايلىق، ئالىي ئورۇن-مەرتىۋە، يۈكسەك شان-شەرەپكە مۇيەسسەر بولغانىدى. ئىچ يانچۇقىدا شىنجاڭ پادىشاھى-شىڭ دۇبەن ئالىيلىرىنىڭ مەرھەمەتلىك تەكلىپنامىسى، باش ئۈستىدە دۆلەت قۇشى!..

بۈگۈن ئۇ، جەننەتۇل پەردەۋستەك كاتتا بىر باغدا ئۆتكۈزۈلگەن شاھانە زىياپەتكە قەدەم تەشرىپ قىلدى. بۇ-شىڭ دۇبەن ئالىيلىرىنىڭ ئالاھىدە دىققەت-ئېتىبارىغا نائىل بولغان مانا شۇ سەئىدزادىنى ئۇرۇمچىگە ئۇزدىتىش زىياپىتى ئىدى. قەشقەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھەربىي-مەمۇرىي ئەمەلدارلىرى ۋە مۆتىۋەر بايلىرى پۈتكۈل زىياپەت جەريانىدا بۇ كىشىنى بېشىدا كۆتۈرگەندەك ئەتىۋارلىدى. ئۇنىڭ شەرىئەت ۋە تەرىقەت ھەققىدىكى مۇھاكىمە-بايانلىرىنى چەكسىز ئىخلاس بىلەن ئاڭلىدى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەر كەلىمە سۆزنى خۇشقەلەم نەچچە كاتىپ ئەينەن خاتىرىلىدى. كۆڭۈللۈك زىياپەت ئاخىرلىشىش مەزگىلىگە يېقىنلاشقانىدى، بۇ زىياپەتنىڭ ساھىبخانى ئىززەت-ئىكرام بىلەن مۇراجىئەت قىلدى:

— جانابلىرى خوجا ئەۋلادى، شەرىئەت مەھكىمىمىزنىڭ قازىسى...

— خوش؟ — سوئال نەزەرىدە تىكىلدى سەئىدزادە. ساھىبخان ئۆز مۇراجىئىتىنى داۋاملاشتۇردى:

— ھەزرەتلىرى خاسىيەتلىك سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىلا، مۆھتەرەم بوۋىلىرى ھىدايىتۇللا ئىشان خوجامنىڭ روھى-ئەرۋاھىنىڭ يار-مەدەتكارلىقى نەتىجىسىدە شىڭ دۇبەن ئالىيلىرى ھوزۇرىغا ئامان-ئېسەن يەتكەيلا.

— ئىنشائاللا، — دېدى سەئىدزادە.

— بىزنىڭ سالام ۋە ئېھتىراملىرىمىزنى، ئىخلاس-ئەقىدىمىزنى ئەينەن يەتكۈزگەيلا.

— ئەلۋەتتە.

— دۇبەن ئالىيلىرىنىڭ چەكسىز ھىممەت ۋە ئىلتىپاتىغا مۇشەررەپ بولۇپ، ئامەت ۋە پاراغەتنىڭ ئالتۇن سۈمرۈغىنى ئوڭ قوللىرىغا قوندۇرۇپ، زەپەر ۋە نۇسرەت بىلەن قايتىپ كەلگەيلا.

— ئىنشائاللا، — تەكرارلىدى سەئىدزادە. ئۇنىڭ چىرايى تېخىمۇ ئېچىلماقتا، ئاۋازى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

— كەمىنە شاگىرتلىرىنىڭ دىن-شەرىئەت ئەھكاملىرى ھەققىدە بىلىدىغانلىرى تولىمۇ چەكلىكتۇر. بىر مۇنچە سۈرە، ھەدىس مەزمۇنلىرى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى توغرىسىدا سۆز ئېچىشى بەسى مۈشكۈل. بۇلارنى ھەزرەتلىرىنىڭ شېرىن لەۋزى ئارقىلىق بىلىۋېلىش-ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تولىمۇ تەشنا ۋە تەقەززا ئىدى. بىراق، سۈبھى يورۇش بىلە، تەڭلا خاسىيەتلىك سەپەرگە ئاتلىنىپ كېتىشلىرى...

— سوراۋەرسىلە، تەقسىر، — تاقەتسىزلىك بىلەن گەپنى بۆلدى مۆھتەرەم زات، — غەنىمەت ۋاقتىمنى ھەتتا ئەزىز ئۆمرۈمنى دىن-شەرىئەت ئەھكاملىرىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش يولىغا بەخش ئەيلىگەن كىشىمەن. ئەقىل-ئىدراك خەزىنەمدىكى ئىلمىي جاۋاھىراتلارنىڭ بارلىقىنى ئوتتۇرىغا تۆكۈشكە رازىمەن. سوراۋەرسىلە، تەقسىر.

مەخسۇس تەكلىپنامە تۇپەيلىدىن كۆرەڭلەپ كەتكەن كاتتا زات ئۆزىنى دانىشمەن ئۇستاز، باشقىلارنى مەدرىسىگە يېڭى كەلگەن سەھرالىق تالىپلار تەرىزىدە ھېسابلاشقا باشلىغانىدى. ئوتتۇرىغا چۈشكەن نى-نى مۇرەككەپ سوئاللارغا ھېچقانچە ئويلانماستىنلا

جاۋاب بېرىۋېرەتتى. مېھمانلار ھەر بىر جاۋاب - تەبىرلەرگە قايىل بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ، «خوش، قازى ئاخۇنۇم» دەپ قويۇشاتتى. ئۇشبۇ ئىززەت - ئىكرام ۋە تەكەللۇپلارنىڭ تېگى - تەكتىگە يېتىش قۇدرىتىدىن مەھرۇم بولغان كاتتا زات كىبرى - تەمەننانىڭ قاناتسىز دۇلدۇلى بىلەن ئەرش قەلئەسى تامان ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە، بۇ زىيابەت ئەھلى گويا بىر ئىلاھى مۆجىزە تۈپەيلىدىن ئوت - ھارارەتلىك دەشت - باياۋان ئازابىدىن قۇتۇلۇپ، ھاياتبەخش زەمزەم قۇدۇقى يېنىغا كېلىپ قالغان تەلەيلىك سەيياھتەك راھەتلىنەمەكتە، تەشنالىقى قېنىپ، ھاردۇقى چىقىپ، جەننەت ھوزۇرىنى سۈرمەكتە ئىدى. ساھىبخان يېڭى بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— جاناب رەسۇلۇللانىڭ «ھۇببۇل ۋەتەن مىنەلئىمان» يەنى «ۋەتەن سۆيۈش ئىماننىڭ جۈملىسىدىندۇر» دېگەن سۆزىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك، تەقسىر؟

— ۋەتەن — يەر - زېمىن دېمەكتۇر، — شۇنچىلىك ئاددىي مەسىلىنىمۇ چۈشىنەلمىگەن ئەرابلارغا بىر قاردۇېتىپ ئىزاھلاشقا كىرىشتى كاتتا زات، — ئەنە شۇ يەر - زېمىنگە كېچە - كۈندۈز جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈش — ۋەتەن سۆيۈش دائىرىسىگە، مېھنەت مەھسۇلىنى دىن - شەرىئەت يولىغا بەخشەندە ئەيلەش — ئىمان دائىرىسىگە تەۋەدۇر. خۇشاللىق ۋە رازى - رىزالىق بىلەن غەللە - پاراق تاپشۇرۇش، باج - خىراج تۆلەش، ئۆشرە - زاكات بېرىش، مازار - ماشايىقلارغا سەدىقە قىلىشلارنىڭ ھەممىسى ئىمان جۈملىسىدىندۇر.

— ئاقىلانە تەبىرا — ماختاپ قويدى ساھىبخان.

— ئۇشبۇ دەقىقىدە ھەر بىرلىرىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇش ھاجەتكى، — تەئەددى ۋە غەزەپ نەشتىرىنى سانجىشقا باشلىدى ئۇلۇغ زات، — ئەزىزانە شەھىرىمىزدە «دارىلمۇئەللىمىن» دەپ نام بېرىلگەن ئەجنەبىچە مەكتەپنىڭ قۇرۇلغىنىغا 8 يىلدىن ئاشتى. «خەستەخانە» دەپ ئاتالغان ئەجنەبىيچە شىپاخانىنىڭ قۇرۇلغىنىمۇ شۇنداق. بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋەخپە زېمىن، دۇكان - سارايلارنىڭ كىرىمى بىلەن تەمىن ئېتىلمەۋاتىدۇ. بۇ — دىن - شەرىئەت يولىغا بەخشەندە قىلىنغان بايلىقنى جەددىتلىق، بىدئەتچىلىك يولىغا تەسەررۇپ قىلغانلىق!

— ئۇنداق بولسا، جاناب رەسۇلۇللانىڭ «ئىلىم — دۇنيادا ئىززەت - ھۆرمەت ۋە ئاخىرەتتە شەرەپتۇر» دېگەن تەلىمىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك، قازى ئاخۇنۇم؟

— ئىلىم — خۇدانىڭ كالامىنى يادا بىلىش دېمەكتۇر. ئۇنىڭدىن غەيرىدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىمان دائىرىسىدىن مۇستەسنادۇر. قەيت قىلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ئىلىم ھەممىگە ئەمەس، پەقەت خۇدانىڭ ئەڭ ئەزىز ئاق ئۇستىخان بەندىلىرىگە بەخش ئېتىلگەن بايلىقتۇر.

بۇ ئۇلۇغزاتنىڭ ئاغزىدىن بۇنىڭدىن باشقىچەرەك جاۋابنىڭ چىقمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان ساھىبخان:

— مۇنداق دېسىلە، قازى ئاخۇنۇم، — دەپ قويدى ۋە يېڭى سوئالغا كۆچتى، — جاناب رەسۇلۇللانىڭ «ئەل جەننەتۇ تەھتى زىلالىسسىيۇف» يەنى «جەننەت قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدا» دېگەن ھۆكۈمىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك، تەقسىر؟

— دۇرۇس، جەننەت قىلىچنىڭ سايىسى ئاستىدا، ئاللاھ تەرىپىدىن سەلتەنەتلىك تاجۇ تەختكە مۇناسىپ ئېتىلگەن ئالەمپاناھ شاھى-

سۇلتانلارنىڭ ئەدلى-ئادالەت قىلىچىنىڭ سايىسى ئاستىدا، — غۇلىچىنى يېيىپ، داستىخاندىكى مول مەئىشەتلەرنى كۆرسەتتى ئۇ، — شىڭ دۇبەن ئالىيلىرىنىڭ ئەدلى-ئادالەت قىلىچىنىڭ سايىسى ئاستىدا مانا بۇ جەننەت ھالاۋىتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقىنىمىز بۇ تەبىرىمىزنىڭ روشەن دەلىلىدۇر.

— ھۇ، مۇناپىق! — بۇ، قەھرى-غەزىپى قايناپ تاشقان ساھىبخانىنىڭ ئىچكى ئاۋازى ئىدى. ئۇ، يانپىشىغا قول ئۇزاتتى، لېكىن قورالىنى چىقارمىدى. ئىشەنچلىك بىر مويسىپىت تارىختىن يېقىندا ئاڭلىغان بۇ ۋەقە توساتتىنلا ئۇنىڭ يادىغا كەلگەنىدى:

قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ كۆكيار رايونىغا تەۋە بولغان تىبەت-لاداخ يولىدىكى خىلۋەت جىلغىدا مانتۇ قازانچىلىك بىر بۇلاق، بۇلاق ئەتراپىدا بۈك-باراقسان يەتتە تۈپ قارا ياغاچ بار ئىكەن. مەككە مۇنەۋۋەرىنى تاۋاپ قىلىش سەپىرىگە ئاتلانغان ئەھلى مۆمىنلەر بىلەن تىبەت، ھىندىستان تەرەپكە ماڭغان سودىگەرلەرنىڭ مۇشۇ بۇلاق شەربىتىدىن ھوزۇرلانمىغىنى، قارا ياغاچ سايىسىدا سەگىدەپ، راھەتلەنمىگىنى يوق ئىكەن. بىر يىلى ھاجى كارۋان ئىسىملىك كارۋان يىگىت ئۆز سەپەرداشلىرى بىلەن كەچرەك يېتىپ كەپتۇ-دە، قونۇپ قاپتۇ. تاڭ سەھەردە قارىسا، خېلى يىللاردىن بويان ئەسقاتقان قارا خېچىرى ئۆلۈك ياتقۇدەك. ھاجى كارۋان قاتتىق ئېچىنىپتۇ. سۆرەپ، دومىلىتىپ يۈرۈپ، بۇلاق ئەتراپىدىن خېلى يىراققا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە كۆمۈشكە باشلاپتۇ. سەپەرداشلىرى ئالدىراتقىلى تۇرۇپتۇ:

— ھاجى كارۋان، يولغا چىقايلى!

— مانا ھازىر، — دەپتۇ يىگىت توپا تاشلاشتىن توختىماي.

— بولدى قىلىڭ، قۇيرۇقلۇق مازار خوجامدىن بىرنى تىكلىمەك يەنە!

— ئېچىلىپ قالسا، ئەتراپنى بەدبۇي لاش تۇردۇ، پۇختىراق كۆمۈۋېتەي. مېڭىۋېرىشسىلە، بىردەمدىلا يېتىشىۋالىمەن.

سەپەرداشلىرى نائىلاج يۈرۈپ كېتىپتۇ. يىگىت ئىشلەۋېرىپتۇ. تۆككەن تەر، سىڭدۈرگەن ئەجرىدىن قانائەت ھاسىل قىلغاندىن كېيىن يۈز-كۆزىنى يۇيۇپتۇ. ئۈزەڭگىگە پۇتىنى ئالاي دەپ تۇرغاندا، يەنە بىر كارۋان توپى كېلىپ قاپتۇ ۋە سوراپتۇ:

— يىگىت، ئاۋۇ كىمنىڭ قەبرىسى؟

ھاجى كارۋان تولىمۇ خۇشچاقچاق، قىزىقچى يىگىت ئىكەن. ئۇ، سەپەرداشلىرىنىڭ بايىقى مەسخىرىسىنى ئۇلارغا ئىنئام قىپتۇ-دە، ئېتىغا قامچا ساپتۇ:

— قۇيرۇقلۇق مازار خوجامنىڭ!

ھاجى كارۋان ئازغىنە كەم ئەللىك يىلنى تۈرك ۋە ئەرەب يۇرتلىرىدا تىجارەت ۋە زىيارەت بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. بەيتۇلمۇقەددەسنى توققۇز قېتىم تاۋاپ قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولۇپتۇ. يىل ئۆتكەن، ياش كونىرىغانسېرى ئانا يۇرت پىراقىدا ئۆرتىنىدىغان بولۇپتۇ-دە، بىر توپ ھاجىلار بىلەن بىللە ئانا يۇرتىغا راۋان بولۇپتۇ. ھېلىقى جايغا كېلىپ قارىغىدەك بولسا، كاكۇل لاي بىلەن سۇۋالغان ھەشەمەتلىك گۈمبەز تۇرغىدەك. گۈمبەز ئەتراپىغا قاتار-قاتار تىكىلىنىپ كەتكەن رەڭگا-رەڭ تۇغ-ئەلەملەر ئۈستىدە ئات، كالا، قوتاز قۇيرۇقلىرى، يەتتە تۈپ قارىياغاچ غوللىرىدىمۇ پەۋەس تۇغ-ئەلەم بىلەن قۇيرۇقلار. بىر-بىرىگە ياندىشىپ سېلىنغان ئالتە ئېغىز ھۇجرا ئالدىدىكى ئوچاقتا ئېسىلغان داشقازاندا داش-قايناق قايناۋېتىپتۇ. يىگىرمە-يىگىرمە بەشتەك

قېرى - ياش، ئەر - ئايال دەردمەن، گۈمبەزنى قۇچاقلاپ، نالە قىلىپ يىغلاۋېتىپتۇ:

— ئەرز - ھالىمىزنى ئۇل خۇداۋەندە كەردىمگە يەتكۈزۈپ قويسىلا، خوجام.

— دەردىمىزگە داۋا، رەنجىمىزگە شىپا تىلەپ بەرسىلە، خوجام.

— قانىتى سۇنغان قانات، بېشىغا كۈن چۈشكەنلەرگە سايىۋەن بولسىلا، خوجام...

ھاجى كارۋان ھاڭ - تاڭ قاپتۇ. زەئىپلىشىپ كەتكەن بىر بوۋايدىن سوراپتۇ:

— قېرىندىشىم، بۇ كىمنىڭ مازىرى؟

— قۇيرۇقلۇق مازار خوجامنىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئاللاھىدە ئېتىقاد بىلەن، — بۇ ئۇلۇغزات ئەسھابۇلكەھەب غارىدىن ئۇچۇپ كەلگەن. ئەنە، ئاۋۇ يەتتەتۇپ قاردباغاچنىڭ ئۇرۇقىمۇ ئەسھابۇلكەھەبتىن ئەپېلىپ، ئۆز قولى بىلەن تىككەن. خىسلەتىنىڭ ھاسىسىنى بىر سانجىپلا ماۋۇ شىپالىق بۇلاقنى بەنا قىلغان...

چاڭگا ساقاللىرى كىرىندىكىنى، پاخپايغان چاچلىرى يەلكىسىنى ياپقان بەدبەشىرە ئىككى مەخلۇق مەزكۇر «ئۇلۇغزات»نىڭ ئاجايىپ - غارايىپ مۆجىزىلىرى ھەققىدە توقۇپ چىققان چۆچەك - رىۋايەتلىرىنى تەكرارلاشقا باشلاپتۇ. ئىككى - ئۈچتىن كېلىپ توپلاشقان بىچارە دەردمەنلەر بۇئەپسانىلەرگە ئىشىنىپ، يېڭىباشتىن تۇۋا - ئىستىغبار ئېيتىشقىلى تۇرۇپتۇ. ھاجى كارۋان ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە ئويلاپتۇ: «بىر ئېغىز بىھۇدە چاقچاقنىڭ مۇنچە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى تەۋەللۇت قىلىشىنى ئەسلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن. ھەقىقەتنى ئاشكارىلىماي ئۆلۈپ كەتسەم، ئاخىرەتتە قانداق جاۋاب بېرىمەن؟» ئاخىرى بىر قارارغا كەپتۇ، خالايىققا خىتاب قىلىپتۇ:

— ئەي ئالدانغان، غەپلەت پاتقىقىغا پېتىپ قالغان دىنداشلىرىم، قان - قېرىنداشلىرىم، بۇ يەرگە كۆمۈلگىنى قانداقتۇر بىر ئۇلۇغزاتنىڭ جەسىتى ئەمەس، ھالال بىلەن ھارام ئوتتۇرىسىدىن ئاپىرىدە بولغان بىر مەخلۇقنىڭ تاپى!



— نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن، ئەي سۈرىتى مۇبەددەل مەلئۇن! — دەپ ۋارقىرىغانچە كانىيىدىن ئاپتۇ ساقاللىق مەخلۇقتىن بىرى.

— دىنىدىن چىققىنىڭ، ئىمان ئېيت، مۇناپىق! تۇۋا - ئىستىغبار ئېيت! قول ئىلكىڭدە بارنىڭ ھەممىسىنى سەدىقە قىلىپ، گۇناھىڭنى تىلە! — دىۋەيلەپ كەپتۇ ئىككىنچىسى. ئەتراپتىكىلەر تەڭ ۋارقىراپتۇ:

— ئىمان ئېيت، قېرى جوھۇت، تۇۋا - ئىستىغبار ئېيت!

ساقاللىق مەخلۇقنىڭ چاڭگىلىدىن ئاران قۇتۇلغان ھاجى كارۋان ھەقىقەت مەيدانىدىن چېكىنمەپتۇ:

— ئۇلۇغ بەيتۇلمۇقەددەسنى توقۇز قېتىم تاۋاپ قىلغانلىقىمنىڭ ساۋابى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بۇ يەرگە كۆمۈلگىنى ئادەم جەسىتى ئەمەس، قېچىر! ئىشەنمىسەڭلار دەرھال ئېچىپ...

— ئۇر كاززاپنى!

— ئۇر مۇناپىقنى!

— ئۆلتۈر قېرى چوھقۇننى!...

قەھرى - غەزەپلىك چۇقان - سۈرەنلەر ئاستىدا ئەجەللىك مۇشت - پەشۋا مۆلدۈردەك يېغىپتۇ.

— ساراڭغا سوت يوق، ئەپۇ قىلىڭلار، بۇ ساراڭنى ئۆز ئەجىلىدە ئۆلگىلى قويۇڭلار! — دەپ يېلىنىپ - يالۋۇرۇپتۇ ئۇنىڭ سەپەرداشلىرى ۋە نىمجان ھالەتتە ياتقان ھەمراھىنى ئېلىپ كېتىشىپتۇ...

ساھىبخان يۇقىرىدقى ۋەقە بىلەن كۆز ئالدىدىكى رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە ئوخشاشلىق ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزمەكتە ئىدى: ئۇ — «قۇيرۇقلۇق مازار خوجام»، بۇ — ساقاللىق مازار خوجام؛ ئۇ — ھارام بىلەن ھالال ئوتتۇرىسىدىن ئاپىرىدە بولغان مەخلۇق، بۇ بولسا، تېگى - تەكتى نامەلۇم مەخلۇق؛ ئالدىنقىسى — ئۆلگەن ھايۋان، كېيىنكىسى — تىنمىغان قۇتراۋاتقان شەيتان. ئۇنىڭغا چوقۇنىدىغان نادانلار نەچچە يۈز، بۇنىڭغا چوقۇنىدىغان غاپىللار نەچچە مىڭ. ئۇنىڭغا ئاشكارا چېقىلىشقا بولمىغان ئىكەن، بۇنىڭغىمۇ ئەلۋەتتە...

— مۇتالىئە قايىنىمىغا چۆكۈپ كېتىۋاتاملا، تەقسىر؟ تەبىرىمىزگە باشقىچە ئىزاھات ئىزلەۋاتاملا - يە؟ — سەئىدزادىنىڭ سوغۇق نەزەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان سوئالى ساھىبخانىنىڭ قەھرلىك تەپەككۇر ئېقىمىغا سەۋر توغىنى سالغانىدى:

— شۇنداق، قازى ئاخۇنۇم، — دەپ جاۋاب بەردى خۇش چىراي ئېچىپ، — يۈكسەك ئىلمىي ۋە قالتىس ئەمەلىي تەبىرلىرىنىڭ ئارامبەخش قايىنىمىدا بەھۇزۇر راھەتلىنىۋاتىمەن.

چوڭ شىشىلىك فونار يورۇقىنى ئۆزىنىڭ قاسقان سەللىسى توسۇۋالمىغان بولسىدى، بۇ سەئىدزادە كۈلۈپ تۇرغان ساھىبخانىنىڭ چىرايىدىكى كۆچلۈك مەسخىرە بىلەن سوغۇق نەپرەتنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتكەن، ئەس - ھوشىنى يوقىتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن بولاتتى. ھازىر ئۇ، تولىمۇ خاتىرجەم، خۇش، مەغرۇر ئىدى.

زىكرى - سۆھبەتلەر ۋايىغا، ساھىبخان ۋە ئۇنىڭ پىكىرداش - مەسلەكداشلىرى كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتىش ئالدىدا تۇراتتى. ساھىبخان ئاخىرقى سوئالىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

— ۋەتەن - خەلقىمىزگە چىش - تىرنىقىغىچە دۈشمەن بولغان مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ بوسۇغىسىنى سەجدىگاھ قىلىۋالغان مۇناپىقلارنى قانداق قىلىش كېرەك، قازى ئاخۇنۇم؟

— پېيىنى قىرقىپ تاشلاش كېرەك!

— مەزكۇر مۇناپىق ئاشۇ ھۆكۈمرانلارنى جاناب رەسۇلۇللا بىلەن تەڭ - باراۋەر ئورۇنغا كۆتۈرۈپ ماختىغان بولسىچۇ؟

— تىلىنى كېسىپ تاشلاش كېرەك! — كەسكىن ھۆكۈم قىلدى ئۇ، — بىتەخىر كېسىپ تاشلاش كېرەك!

— خوپ، ناھايىتى ياخشى! — ساھىبخانىنىڭ ئاۋازى تولىمۇ جاراڭلىق ئىدى، — خۇشقەلەم كاتىپلىرىمىز، تولۇق ۋە ئەينەن پۈتۈشكەنلا؟

— تولۇق ۋە ئەينەن پۈتتۇق، — تەڭ جاۋاب بەردى ئۈچ كاتىپ.

— ناھايىتى ياخشى! — دېدى ساھىبخان ۋە بىر نۇسخا زىكرى - سۆھبەت خاتىرىسىنى ئېلىپ، ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۇزاتتى، — ھۆرمەتلىك قازى ئاخۇنۇم، جانابلىرى خاسىيەتلىك سەپەرگە ئاتلانغان غەنىمەتدەمدىن

تارتىپ، مۇبارەك قەدەملىرى ئەزىزانە يۇرتىمىز بوسۇغىسىغا يەتكەن خۇش ۋىسال ئەييامىغىچە بىز ئۇشبۇ تەلەملىرى بويىچە يۇرت باشقۇرۇپ تۇرغايمىز. بۇ بىباھا ھۆججەت جانابلىرىنىڭ ئىناۋەتلىك مۆھۈرلىرىنىڭ خاسىيىتى ئارقىلىقلا ئۆز قۇدرىتىنى نامايەن قىلغۇسىدۇر.

— ئەلۋەتتە، — پىيالە چەپچىكى ھەجمىدىكى كۈمۈش مۆھۈرىنى «پوككىدا» باستى قازى ئاخۇنۇم مەغرۇر ھالدا. گۇۋاھ بولغۇچى نەچچە كىشى بىلەن كاتىپلارمۇ دەرىجە - مەرتىۋىسىگە قاراپ، نۆۋەت بىلەن تامغا باستى، ئىمزا قويدى ياكى قولىنى باستى. شاھانە زىياپەت ئۇچۇق چىراي ساھىبخانىنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىدىن كېيىن ئاخىرلاشتى:

— جانابلىرىغا تۇتىدىغان يوللۇق، دۇبەن لىيلىرىغا يوللايدىغان سوۋغا - سالاملىرىمىز ئەتىگە ئامانەت. ناماز بامداتتىن كېيىن پۈتۈن ئەل - جامائەت ئالدىدا تەنتەنىلىك ئۇزىتىپ قويارمىز، ئىنشائاللا.

ئالتە بۇرجەكلىك قىزىل پانۇس شولىسى ئاستىدا قۇمدەرۋازا تەرەپكە كېتىۋاتقان بۇ ئەرباب ئاشۇ زىياپەت جەريانىدىكى ھۆرمەت - تەكەللۇپلار، ئەتىكى داغدۇغىلىق ئۇزىتىشلار ۋە يېقىن كەلگۈسىدە قولغا كېلىشى مۇقەررەر بولغان دۆلەت - پاراغەتلەر ھەققىدە شېرىن خىيال سۈرمەكتە ئىدى. «ئېگىلىدۇ، — دەپ جەزملەشتۈرەتتى ئۇ، — دۇبەن ئالىيلىرىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئىلتىپاتىغا نائىل بولۇپ قايتىپ كېلىدىغانلا بولسام، ھەممىسى ئېگىلىدۇ، تىزلىنىدۇ، ئايىغىمغا باش قويىدۇ...»

ئۇ، بىر يېرىم يىل ئالدىدا دۇبەن ئالىيلىرى تەرىپىدىن تۇنجى قېتىم چاقىرتىلغان ۋە مەخسۇس كۈتۈۋېلىنغانىدى.

— قان - قېرىنداشلىق شەرىپىمىز ئۈچۈن ئىچەيلى! — دەپ ئۆز قولى بىلەن شاراب تۇتقانىدى شېلىڭ شىسەي، — مۇنچە ئىككىلەنمەڭ، دىلغۇلدا بولماڭ. تۆھپىكار بوۋىڭىز ھىدايىتۇللا ئىشان خوجامۇ 1677 - يىلى 10 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دالاي لاما 5 نىڭ لامالىققا ئولتۇرغان بىرىنچى كۈنىنى ئەسلەش ئىبادىتىگە ئىشتىراك قىلىپ، مەخسۇس لاما ھارىقى ئىچكەن. 1678 - يىلىنىڭ باش ئەتىياز پەسلىدە غالدان قۇنتەيجى ھوزۇرىدىمۇ ھاراق ئىچكەن. مۆھتىرەم بوۋىڭىز بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى ئۇلۇغزات ئىدى. ئۇنىڭ روھى ئەرۋاھى خۇش بولۇپ قالسۇن، ئىچىڭ!

بۇ سەئىدزادە شىنجاڭ پادىشاھىنىڭ تارىخىي بىلىم - سەۋىيىسىگە چىن دىلىدىن قايىل بولغان ۋە «مۆھتىرەم بوۋامنىڭ ئەرزىمەس تۆھپىسىگە يۈكسەك باھا بەرگەن ئالىي جانابلىقلىرى ئۈچۈن ئىچەي» دەپ بىراقلا ئىچىۋەتكەن، دورا - دەرمەكلەر بىلەن پىشۇرۇلغان شالغۇت خورازنىڭ سالپاڭ تاجىسىنى ئىشتىھا بىلەن شۈمۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ھازىر ئاشۇ ئۇنتۇلماس مىنۇتلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئىچ - ئىچىدىن روھلانماقتا، غۇرۇرلانماقتا ئىدى: «يەنە شاراب تۇتسا، رەھمەت - ھەشقاللا دەپ ئىچىۋېرىمەن. ئالدىمغا قويۇلغان مەئىشەتلەرنىڭ ھەرقاندىقىنى كۆمۈش چوكىدا قىسىپ يەۋېرىمەن. كۆڭلۈمگە پۈككەنلىرىمنىڭ ھەممىنى دەۋېرىمەن. ئۆتكەن قېتىم قەشقەر شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ قازىلىق مەرتىۋىسىگە مۇشەررەپ بولغانىدىم. بۇ نۆۋەت ۋالىيلىق مەرتىۋىسىنى ئىلتىپات قىلىۋەتسە...»

بۇددىستلار ئۆزى ياسىۋالغان بۇتقا سەجدە قىلغاندەك، بۇ كىشىمۇ ئۆز خىيالىغا چوقۇنماقتا، ئۆزىنى ۋالىيلىق ئورۇندۇقىدا، بەلكى

شائىرلىق تەختىدە كۆرمەكتە ئىدى. «ۋالىيلىق تامغىسى ئىلكىمگە ئۆتكەن مىنۇتتىن ئېتىبارەن ...»

بۇ كىشى ئالتە بۇرجەكلىك قىزىل پانۇس شولىسى ئاستىدا ئۆز چۈشىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋەرسۇن. بىزمۇ ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلگەچ تۇرايلى.

## شامگۆردىن سادا

قەشقەردە ھەر يىلى ئۈجمە پىشىشقىدىن ئورۇم پەسلىگىچە ئەنئەنىۋى «تاۋاب سەيلىسى» بولاتتى. ھەرخىل تۇغ - ئەلەملەرنى كۆتۈرگەن مىڭلىغان تاۋابچىلار ئۆزلىرىنىڭ تۇنجى مۇسۇلمان پادىشاھى سۇتۇق بۇغراخان، ئالىپ ئارسلانخانلار مازىرىنى، سۆيۈملۈك ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى قەبرىگاھىنى چەكسىز ئىخلاس - ئەقىدە بىلەن تاۋاب قىلاتتى. دۇئا - تىلاۋەت، سودا - تىجارەت، بەزمە - باراۋەتلەر تەڭ قىزىيتتى. يۇرت - يۇرتتىن كەلگەن ئاشپەزلەرنىڭ قازانلىرىدا شورپىلار قايناپ، لەگەنلەر ئويناپ تۇراتتى. گەزمال، مىلىچمال، تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ ھەرقاندىقىنى تاپقىلى بولاتتى. مەدداھلار، ئەلنەغمىچىلەر، سېرىكچىلار، چېلىشچى - چامباشچىلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتەتتى. قەۋرىگاھلار ئەتراپىغا ئۇنلىغان داشقازانلار ئېسىلاتتى. تاۋابچىلار ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن يېمەك - ئىچمەككە ئائىت نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك بۇ داشقازانلارغا تۆكەتتى. تۆگە - قوتاز گۆشلىرىدىن تارتىپ توخۇ ئۆدەككىچە، بۇغداي - گۈرۈچتىن نوقۇت - پۇرچاقچىچە، سەۋزە - چامغۇردىن تارتىپ گۆلە - قاق، كىشمىش ئۈزۈمگىچە بولغان يېمەكلىكلەرنىڭ بىرىكمىسىدىن تەركىب تاپقان قۇۋۋەتلىك ئەنئەنىۋى غىزا «داشقاينىتى» دېيىلەتتى. كىشىلەر كېچە - كۈندۈز قايناپ تۇرغان داشقاينىتىدىن خالىغان چاغدا خالىغانچە ئىچەلەيتتى. يېمەك - ئىچمەكتىن، قونالغۇدىن غەم قىلماي، كۆڭلىنى خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزۈپ، ئۆز يۇرتلىرىغا ئامان - ئېسەن قايتىپ كېتەتتى ۋە يازلىق ئورۇم - يىغىم ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتەتتى.

سان - ساناقسىز كىشىلەرنى ماددىي ۋە مەنىۋى زەھەر بىلەن نابۇت قىلغان ھىدايىتۇللا ئىشان خوجا زەھەر يەپ ئۆلۈشتىن بىر يىل بۇرۇن (1693 - يىلى) قەشقەرنىڭ ھەزرەت تەۋەسىگە ئۆز مازارىنى تىكلەتكۈزۈپ قويغانىدى. بۇ مازار بەدۆلەت ھاكىمىيىتى دەۋرىدە (1863—1877 - يىللار) يېڭىباشتىن قالتىس ھەشەمەتلىك قىلىپ ياسالدى. مازار يېنىغا كاتتا جامە بەنا قىلىنىدى، چوڭ كۆل چېپىلدى. دالاي لاما 5 تەرىپىدىن «ئاباخ خوجا» (ئوتتۇرا دەرىجىلىك لاما) ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن بۇ ئىسلامىيەت ئاسىيسىنىڭ روھى - ئەرۋاھى قايتىدىن باش كۆتۈردى. ئاللىقاچان قۇيرۇقىنى قىسىپ كەتكەن مۇرىت - مۇخلىسلىرى ئەسكى كۆلا، يىرتىق جەندىلىرىنى تىكىپ - ياماپ، دات بېسىپ كەتكەن ساپايىلىرىنى سۈرتۈپ - تازىلاپ مەيدانغا چىقىشتى. «ئاپپاق خوجا - جاناب رەسۇلۇللانىڭ 27 - نەۋرىسى، ئۇنىڭ مازارىنى تاۋاب قىلغۇچىلار يېرىم ھەج قىلغانلىقنىڭ ساۋابىنى ئالىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش ئەپسانىلەر ھەممىلا يەرنى قاپلىدى. «تاۋاب سەيلىسى»دىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى پائالىيەت ئاخىرى ھەزرەت تەرەپكە يۆتكىلىشكە، «ھەزرەت سەيلىسى» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

«ھەزرەت سەيلىسى» داۋاملىشىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرى. سودا-تىجارەت،دۇئا-تىلاۋەتلەر

بېسىققان كېچە. ئەللە چەتتىكى پوچۇق شامگۆر ئىچىدە بىر ئوغۇل بوۋاق تىپچەكلەپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى خوتۇن كىشىنىڭ، خوتۇن كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى بېسىپ كەتتى:

— ھوي، يۇڭلۇق ئېيىق، ئەمردىگە ئالىمەن، بالىغا ئۆزۈم ئىگىدارچىلىق قىلىمەن دېگىنىڭ قېنى؟ بەرگەن ۋەدە، ئىچكەن قەسەملىرىڭ قېنى؟ توققۇز ئاي توققۇز كۈننى قانداق ئەلەم - كۈلپەت ئىچىدە تۇشقازغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ تۇغۇپ، ئۈچ ئايلىق قىلدىم. بىرەر قېتىم يوقلاپ چىقتىڭمۇ؟ ئىگىدارچىلىق قىلدىڭمۇ؟

— بۇ — بالا باقىدىغان يەر ئەمەس، دۇئا - تىلاۋەت قىلىدىغان يەر! قىلىۋاتقان ئىبادىتىمنى تاشلاپ، يېڭىشەھەرگە چىقسام بولامتى سېنى ئىزدەپ؟

— ھەي سىڭاكۆز مايمۇن، نېمىشقا بۇرۇنراق دېمىگەن بۇ گەپنى؟ ئال بالاڭنى!

— ھەي كونا بۇزۇق، مەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن قورسىقىڭغا ئۈنۈپ بولغان نېمىنى ماڭا تاڭماقچىمۇ سەن؟ كۆتەر قاسقىنىڭنى!

— بالا مېنىڭ ئەمەس دەپ قەسەم قىلالامسەن؟ ھە، زۇۋان سۇرەلمەي قالدىڭمۇ؟ قەسەم قىلالامسەن؟

— قەسەم؟ ... قەسەم قىلساق قىلدۇق.

— ھۇ، تەخىيىمنى تونۇمايدىغان ئېشەك!

— نېمە دېدىڭ؟ يەنە بىر دەپباققىنە؟

— بىر ئەمەس، مىڭ قېتىم دەيمەن: ئېشەك! ئېشەك!

— راست، مەن ئېشەك، ماڭا شۇنداق تېپىدىغان ئېشەك!

— ئۇرە، قارا زەڭگى، ئۇر، ئۆلتۈرۈۋەت!

— ئۆلگۈڭ كەلگەن بولسا، ماڭا!

— ۋاي - جان! ... ئادەم بارمۇ؟! ...

— ئۇنىڭنى ئۆچەرمەيدىغان بولسالا...

— ئۆچۈرەي، خوجام، ۋاي - جان.

— مەن — قارا زەڭگى، شۇنداقمۇ؟

— ياق، ئوينۇشۇپ دەپ قويدۇم، خوجام.

— مەن «يۇڭلۇق ئېيىق»، «سىڭاكۆز مايمۇن»مۇ تېخى؟!

— چىرايلىق خوجام، مەيدەم بېسىلىپ كەتتى، تىنالمايۋاتىمەن. مۇنچە تىزلاۋەرمىسىلە ئەمدى.

— سايىدەك ئەگىشىۋالامسەن؟ رودىپايدەك چاپلىشىۋالامسەن؟

— ياق، خوجام.

— بالا توغرۇلۇق يەنە ئېغىز ئاچامسەن؟

— ياق، مېنى قويۇۋەتسىلە، ئوبدان خوجام.

— كۆزۈمگە كۆرۈنىدىغان بولساڭ ياكى بۇ نېمەڭنىڭ تىلەتىنى كۆرسىتىدىغان بولساڭ - ھە! ... ئال بۇنى، يوقال كۆزۈمدىن!

ئەزرائىل چاڭگىلىدىن قۇتۇلغان خوتۇن ئېڭىراۋاتقان بالىنى قۇچاقلىغىنىچە شامگۆردىن چىقتى. بوۋاقنى قويۇپ، بىر پارچە كېسەكنى قولىغا ئالدى:

— ھۇ، قارا ئېشەك، بېشىڭنى چىقىرىپ باققىنا قېنى! — دەپ ۋارقىرىدى - دە، ئەرۋاھتەكلا غايىپ بولدى. بوۋاق توختاۋسىز قىرقىراۋاتاتتى. ئەر كىشى خېلىدىن كېيىن ئېھتىيات بىلەن بېشىنى چىقاردى. «تاشلاپ قېچىپسەن - دە، ئالۋاستى! بىر يەردە ماراپ تۇرۇۋاتقانسەن تايىنلىق. پەرۋاھ قىلماي كېتىۋەرسەمغۇ، قولۇڭغا ئالارسەن». ئۇ، يېرىم چاڭگال ناسنى چىشى بىلەن كالپۇكى ئارىلىقىغا ئاتتى - دە، ئۆز يولىغا راۋان بولدى.

«ئىڭگە - ئىڭگە - ئىڭگە ...» — بۇ ئاۋاز

ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى. بوۋاق گويا ئۆمىلەپ كەلمەكتە، قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. خۇدادىن پەرزەنت تىلەپ، گۈمبەز- مازارلارنى قۇچاقلاپ نالە قىلىۋاتقان كىشىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. «شۇلارنىڭ بىردىگە بېرىۋېتىپلا قۇتۇلسام بولمىدىمۇ؟» ئۇ، ئارقىغا ياندى، بوۋاقنى قولىغا ئالدى. «ۋاھ، خېلى ئېغىر تۇردىغۇ بۇ، ئاۋازىنىڭ يامانلىقىنى تېخى! مۇنداق بالىنى بىكارغىلا بېرىۋېتەمدىمەن؟»

پاخپايغان چاچ، چاڭگا ساقال ئىچىدە ئەللىك ياش ئەتراپىدا كۆرۈنىدىغان يۈك مەيدىلىك بۇ ئادەم ئەسلىدە يىگىرمە نەچچە ياشقا كىرگەن قەددىي- قامەتلىك بىر يىگىت ئىدى. كىچىكىدىنلا چېكىملىك بىلەن قىمارغا بېرىلىپ، ئوغرىلىق يولىغا ماڭغانلىقى ئۈچۈن ئۆز يۇرتداشلىرى تەرىپىدىن قانچە قېتىملاپ تۇتۇۋېلىنغان، مۇشت- پەشۋا ئاستىدا چەيلەنگەن ۋە ئاخىرى قوغلاندى قىلىنغانىدى. ئۇ، يېپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك ئۇچۇپ- لەيلەپ يۈرۈپ، بۇ ھەشەمەتلىك گۈمبەز ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغانىدى. دەسلەپ داشقازانلارغا ئوت قالاپ، سۇ توشۇدى. تۆۋەن دەرىجىلىك سوپى- دەرۋىشلەرنىڭ يۈگۈر- يېتىم ئىشلىرىنى بىجا كەلتۈردى. كېيىنچە بىر داشقازاننىڭ چۆمۈچىگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشتى. داشقايناق ئىچكەن- ئىچمىگەن تاۋابچىلارنىڭ بىرمۇنچىسى «تۇز پۇلى، ئوتۇن پۇلى» سەدىقە قىلىپ كېتەتتى. بەزىلىرى تېخى «مەن ئۈچۈن بىرەر چارەك گۈرۈچ سېلىپ قويسىلا»، «بىر ئوغلاق سويۇپ سېلىۋەتسىلە» دېگەنگە ئوخشاش تەلەپلەر بىلەن بەش- ئون سەر كۈمۈش تاشلاپ كېتەتتى. ئۇ، چاڭگىلى تولغان، ھەمىيىنى ئېغىرلاشقان ھامان قىمارۋاز ئۈلپەتلىرى يېنىغا راۋان بولاتتى.

ئۆتكەن يىلى «ھەزرەت سەيلىسى» مەزگىلىدە ئۇنىڭ تاپاۋىتى ئوبدان بولدى. ھېلىقى ئايال بىلەن تاسادىپىي تونۇشۇپ قالدى. ئەمدىلا يىگىرمە ياشقا كىرگەن يېڭىشەھەرلىك بۇ ئايال كەسپىي ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشقا سېلىپ، خوتۇنسىراپ كەتكەن بويتاقنى ئەسىر قىلىۋالدى. 15 — 20 كۈن بىللە بولۇپ، ئۇنىڭ تاپقان- تەرگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى سىپىرىپ- سۈپۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇشتۇمتۇتلا غايىب بولدى. قورسىقى ئېغىرلاشقاندىن كېيىن بازىرى كاساتلاشتى، ھال- كۈنى قىيىنلاشتى. ئاخىرى بالىنىڭ دادىسىنى ئىزدەپ تاپتى ۋە يېپىشتى.



ئىڭراۋاتقان بوۋاقنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان يۈگلۈك مەخلۇق ئۆز ئىچىدە چوت سوقۇشقا باشلىدى: قوچقاردەك بىر بالىنى بىكارغا بېرىۋېتەمدىمەن؟ پەرزەنت تەلەپ قىلىپ، مازار- گۈمبەزلەرنى قۇچاقلاپ يىغلاۋاتقانلار شۇنچە كۆپ تۇرسا!...

راست دېگەندەك، ناماز بامداتتىن كېيىنلا خېرىدار چىقتى.

www.uyghurkitap.com

— ئەسلىدە بىر سەئىدزادە ئىدىم، ئاپپاق خوجامنىڭ 4 - نەۋرىسى ئىدىم، — دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇردى بۇ دەرۋىش، — بەدۆلەت زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى قەتلى ئام، بۇلاڭ - تالاڭلار نەتىجىسىدە بار ۋەسىلىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان.

— بالىنىڭ ئانىسىچۇ؟

— خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتكەنىدى رەھمەتلىك.

— بالىنىڭ ئېتى؟

— بالىنىڭ ئېتى، دەپ كېكەچلەپ قالدى بالىغا ئات قويۇلغان - قويۇلمىغانلىقىدىن بىخەۋەر دەرۋىش، — ھە، بالىنىڭ ئېتى — خوجا زادە، ياق، ياق، خوجا بەگ.

يىراق سەھرادىن كەلگەن ئوتتۇرا ياشلىق مەخدۇمزادە قىرىقبەش سەر كۈمۈش سانىدى - دە، بوۋاقنى ئېلىپ كەتتى. ھازىر ئاق ئايغىر ئۈستىدە بەھوزۇر خىيال سۈرۈپ كېلىۋاتقان ھۆرمەتلىك خوجا ئىشان ئاشۇ تاشلاندۇق بوۋاقنىڭ دەل ئۆزى ئىدى!

## ئارزۇلۇق ئاسراندى

«خوجا بەگ» — سەئىدزادىلەرگە ئىخلاس قىلىدىغان دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ بىردىنبىر ئارزۇلۇق ئوغلى بولۇپ قالدى. توققۇز ئايدا ئايىغى، ئون ئايدا راۋرۇس تىلى چىققان بۇ ئوغۇل، مەخدۇمزادىنىڭ نەزىرىدە، بوۋاقلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بىر كارامەت ئىگىسى ئىدى. بوۋاقنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسراش، پەرۋىش قىلىش— پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان ۋەزىپىسى دەپ بېكىتىلدى. ئۇنىڭ ھەرقانداق يولسىزلىق - بىشەملىكلىرىگە شەرتسىز يول قويۇش شەرت ئىدى. مەخدۇمزادە ئۇنىڭ سۈننەت تويىنى قالتىس ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزدى. شۇ يېزىدىكى دىنىي مەكتەپكە ئۆز قولى بىلەن يېتىلەپ ئېلىپ بېرىپ، خەلپىتىم ئالدىغا زەر ياقىلىق تون، زەر يوللۇق سەللە قويدى. ساۋاقداشلىرىغا بىر تاغار ياڭاق ئىنئام قىلدى. خوجا بەگ ئەلا ئەتىۋارلىق شاگىرت سۈپىتىدە مەكتەپكە قوبۇل قىلىندى. دۆلەتمەن ئائىلىدە، راھەت - پاراغەت ئىچىدە ئۆسكەن ئۆز سۆزلۈك، تەرسا، جېدەلخور بالا ئەستە ساقلاش ئىقتىدارىنىڭ پەۋقۇلئاددە ياخشىلىقى بىلەن ھەممىگە تونۇلدى. ساۋاقداشلىرى ئىچىدە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى. 15 ياشقا يەتكەندە، ئەرەب، پارس تىلىدىكى بىرمۇنچە سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى چۈشىنەلەيدىغان، قىياسەن تەبىر بېرەلەيدىغان ھالغا يەتتى. سوپىزمنىڭ ھىدايىتۇللا ئىشان خوجا ۋەكىللىكىدىكى «ئىشقىيە» مەزھىپىگە ئىخلاس قىلىدىغان خەلپىتىم بۇ بالىنى راستىنلا «خوجا ئەۋلادى» دەپ بىلەتتى ۋە بۇ بالىدا «بىر خىسلەت بار» دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئارزۇ - تەلەپلىرىنى شەرتسىز ئورۇندايتتى. ئۆزى نەزىر - چىراغ، توي - تۆكۈنلەرگە كەتكەن كۈنلەردە خەلپەتلىكنى ئۇنىڭغا تاپشۇراتتى. تەكەببۇر خوجا بەگ، خەلپىتىمنىڭ ئورنىغا چىققان ھامان ئىككى يېرىم غۇلاچ كەلگۈدەك ئەۋرىشىم سېرىق سۆگەت چىۋىقىنى قولىغا ئالاتتى - دە، ساۋاقداشلىرىنىڭ باش - كۆزىگە ئايىماي سالاتتى. بۇ ئىشتىن تولىمۇ ھوزۇرلىناتتى. خەلپىتىم شاگىرتلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەرز - شىكايەتلىرىگە قۇلاق سالمايتتى، بەلكى ياۋاشلىق بىلەن ئىتائەت قىلىش توغرىسىدا تەنبىھ بېرەتتى. خوجا بەگ تېخىمۇ كۆرەڭلەيتتى، ھەددىدىن ئاشاتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇتاياق ئۆزىدىن ئىككى - ئۈچ ياش چوڭ بولغان قاۋۇل، ئۇستىخانلىق بىر ساۋاقدىشىنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتكىلى تاس - تاماس قالدى،

يولدا كۆپكۆك ئىز پەيدا قىلدى. بۇ مۇخپىلى ھالىق ئائىلىنىڭ ئارزۇلۇق پەرزەنتى ئىدى. ئۇ زالىم كىچىك «خەلپەت» كە قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى - دە، بىر مۇشت بىلەن ئاغزى - بۇرنىنى قان قىلدى. ئاستىغا بېسىپ، ھەلقۇمىنى ئامبۇردەك قىستى:

— يەنە يوغانچىلىق قىلامسەن؟ ھەددىڭدىن ئاشامسەن؟

— قويۇۋەت، گېلىمنى قويۇۋەت!

— ئاۋۋال جاۋاب بەر: يەنە يوغانچىلىق قىلامسەن - يوق؟!

— قويۇۋەت دەيمەن!

— مانا قويۇۋەتكەن دېگەن! — گەجگىسىگە مىنىۋېلىپ، مۇشتلايتتى، نىقتايتتى. خوجا بەگ يىغلايتتى. باللار كۈلەتتى.— يەنە يوغانچىلىق قىلامسەن؟

— ياق، — دېيىشكە مەجبۇر بولدى خوجا بەگ.

— ئاكا دە! دەمسەن - دېمەمسەن؟!—بېشىنى تېخىمۇ قاتتىق نىقتىدى ئۇ.

— ئاكا، — دېدى خوجا بەگ يىغا ئارىلاش.

— ئوبدان ئاكا دە!

— ئوبدان ئاكا!

— جېنىم ئاكام دە!

— جېنىم ئاكا!

— ھەممىڭنىڭ ئاستىدىن ئۆمىلەيسەن! ھەممىڭلار قاتار تۇرۇڭلار! ھە، ئەمدى ئۆمىلە!

خوجابەگ ئۆمىلىگەنچە ئىشىكتىن چىقىۋالدى، «خەپ، قەلەندەر!» دەپلا ئۆزىنى تاشقىرىغا ئاتتى. غەلىبە قىلغان بالا ئۆز ساۋاقداشلىرىغا مۇنداق دېدى:

— ئەسلىدە ئۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ، يۇرت - ماكانىنىڭ تايىنى يوق بىر ئاسىراندى، بىر يېتىم ئوغلاق كەلگۈدەك تەڭگىگە سېتىۋېلىنغان يېتىم ئوغلاق! بۈگۈندىن ئېتىۋارەن ئۇنىڭ ئېتى — يېتىم ئوغلاق؛ كىم شۇنداق چاقىرمايدىكەن، جاجىسى مۇشت!



— يېتىم ئوغلاق! — تەڭ ۋارقىراشتى جىمى ساۋاقداش.

خوجابەگ ئاغزى - بۇرنىدىكى قان داغلىرىنى سۈرتەي، كىيىم - كېچەكلىرىدىكى توپا - توزانلارنى قاقمايلا ئۆيىگە كەلدى، ئاتىسىغا ئۆزىنى ئاتتى:

— مەن زادى كىمنىڭ بالىسى، دادا؟

— سەن مېنىڭ بالام، مېنىڭ ئۆز بالام!

مەخدۇمزادە بۇ بالىنى سېتىۋېلىپ كەلگەندىن كېيىنلا پۈتۈن يۇرتتىكى ئەھلى جامائەتكە ئالاھىدە چاي بېرىپ، بۇ بالىنى «ئۆز پەرزەنتى» دەپ ئېتىراپ قىلغۇزغانىدى. ئەمدى يەنە چاي بەردى. زىياپەت جەريانىدا دەرسخانىدا تەسادىپىي ئوتتۇرىغا چىققان گەپنى يالغانغا چىقىرىۋېتىش، مۇنداق سۆزنى ئېغىزغا ئالماسلىق ھەققىدە ئۆز پەرزەنتلىرىگە پەندى - نەسىھەت قىلىشنى تەلەپ قىلدى. زىياپەت ئەھلى ۋەدە بەردى. خەلپىتىمۇ بۇ مەسىلىنى ساۋاقداشلارغا

قايتا ـ قايتا چۈشەندۈرىدىغان، ۋەدە ئالىدىغان بولدى.

قارغا كۆمۈلگەن جەسەت ئاللىقاچان ئېچىلىپ قالغانىدى. نەچچە يىلدىن بۇيان بوزەك قىلىنغان، ئەمەللىكتە ئىشىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىپ قالغان باللارنىڭ ئاغزىنى پېچەتلەش مۇمكىن بولمىدى. «يېتىم ئوغلاق» دېگەن لەقەم ئۈستىگە «ئانىسى تاشلىۋەتكەن تەخەي»، «كوچىدا قالغان كۈچۈك»، «باللىمىنى يەيدىغان ئوغرى مۈشۈكنىڭ ئاسىلىمى» قاتارلىق لەقەملەر قوشۇلۇشقا باشلىدى. كىچىك باللار مۇشۇ لەقەملەر بىلەن خوجا بەگنى تېرىكتۈرەتتى. خوجا بەگ ئۇلارنى چېكىدىغانلا بولسا، چوڭ باللار تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلەتتى ـ دە، پۇخادىن چىققۇدەك سالاتتى. سۆز ـ چۆچەك، جېدەل ـ ماجرالارنىڭ بۇ قەدەر ئۇلغىيىپ كېتىشىگە سەۋەبسىز ئەمەس ئىدى. مەخدۇمزادىنىڭ ئاللىقاچان تۇرمۇشلۇق بولۇپ كەتكەن بەش قىزى بىلەن كۈيئوغۇللىرىنىڭ قوتراتقۇلۇق رولىنى سەل چاغلىغىلى بولمايتتى. چۈنكى بۇلار ياشىنىپ قالغان بۇ دۆلەتمەن زاتنىڭ يەر ـ زېمىن، مال ـ دۇنياسىغا قانداقتۇ بىر يېتىم ئوغلاقنىڭ مىراسخور بولۇپ قېلىشىنى خالىمايتتى، ئەلۋەتتە.

ــ دادام «ئۆز بالام» دەيدۇ، كىشىلەر بولسا... ــ خوجا بەگ ياش تامچىلىرى لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۆز ئۇستازىغا تىكتى، يىغلىمىدى، يالۋۇردى، ــ ئوبدان خەلپىتىم، ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ كېتەي، راستىنى ئېيتسىلا، ئۆز دادام كىم؟

خەلپىتىم خېلىغىچە تەڭقىسلىق ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭ بىر تەرىپىدە ئابرويلۇق زات ــ مەخدۇمزادە، ئىككىنچى تەرىپىدە مەخدۇمزادىنىڭ مىراسخورلىرى تۇراتتى. مەخدۇمزادە: «خەلپىتىم، شاگىرتلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئېنىق چۈشەندۈرسىلە، خوجا بەگ ـ مېنىڭ ئۆز بالام» دېسە، مىراسخورلار: «خەلپىتىم، ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى شاگىرتلىرى ئالدىدا ئاشكارا قىلىۋەتسىلە، بۇ ھارامىنى كۆزىمىزدىن يوقاتقۇزسىلا» دەپ جىكىلىمەكتە، خىزمىتىگە يارىشا ئىنئام بېرىشنى ۋەدە قىلماقتا ئىدى. ھەتتا تېز پۇرسەت ئىچىدە كۆزدىن يوقالمىسا ھاياتلىق يولى كېسىپ تاشلىنىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكتە ئىدى. خەلپىتىم ئۇزاق ئويلاندى: مەخدۇمزادە قانچە ئابرويلۇق بولغىنى بىلەن ياشىنىپ قالدى. ماڭا ئۇزۇن مۇددەت ئەسقاتىدىغىنى يەنىلا ئۇنىڭ مىراسخورلىرى. يەنە كېلىپ، ئۇلار ئىنئام بەرمەكچى. بۇلارنىڭ تەلىپى بويىچە جاۋاب بەرسەم، زىيان تارتمىغۇدەكمەن.

ــ بالام ــ خوجا بەگ، راستىنى ئېيتمىدىغان بولسام، سەن ــ سەئىدزادە، خوجا ئەۋلادى.

ــ مەن ــ سەئىدزادە؟

ــ مۇنچە ھەيران بولۇپ كەتمىگىن، ئوغلۇم. سېنىڭ ئۆز داداڭ بەدۆلەت قازاغا ئۇچرىغاندىن كېيىنكى بۇلاڭ ـ تالاڭلار نەتىجىسىدە ئاز ـ تولا سۇنۇپ قالغان خوجازادە.

ــ دادام ھاياتمۇ؟

ــ رىزقى ـ نېسىۋىسى ئۈزۈلمىگەن بولسا...

ــ ئاتامنىڭ ئىسمى ـ شەرىپى؟...

ــ ئېنىق بىلمەيمەن، ئوغلۇم. قىياسەن ئېيتقاندا، سەئىدبەگ، سەئىد خوجا، سوپى بەگ، خوجا ئىشان...

ــ ئۇلار ماڭا كۈن بەرمەيدىغان ئوخشايدۇ، پېيىمدىلا يۈرۈشىدۇ.

ــ ئەقلىڭ جايىدا. ئۇلار ساڭا كۈن بەرمەيدۇ.

ــ نەدىن ئىزدىسەم بولار، خەلپىتىم؟

— خۇدا ئېسىپ قىلسا، مۇھەررەم بوۋىلىرىڭنىڭ قەۋرىگاھى ئەترابىدىن تاپارسەن. شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، بۇ — تولىمۇ مۇشەققەتلىك سەپەر. داداڭنىڭ ۋەسىيىتىگە يېتىش ئۈچۈن پۇل كېرەك، يەتكەندىن كېيىنمۇ پۇل! داداڭنىڭ ھازىرقى ھال - ئەھۋالى ئالاھىدە ياخشىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ھەمىيىڭنىڭ توم بولمىسا، يولغا چىقىشقا ئالدىرىما!

بۇ مەسلىھەت ئۇنىڭغا خام قايماق بىلەن يېيىلگەن قاتلىما ناندەك ياقتى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن مېھمانخانا، قازناق، كات - ساندۇقلارغا خۇپىيانە تىكىلىدىغان بولدى. ھەر قانچە قىلىپمۇ چوڭ ساندۇقنىڭ ئاچقۇچىنى قولغا كەلتۈرەلمىدى، چېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. توساتتىن ئۇنىڭ كۆزى مېھمانخانىنىڭ شەرقىي تېمىدىكى قوزۇق ئىزلىرىغا چۈشۈپ قالدى. ئېتىۋېتىلگەن، سىلىق سۇۋىتىلگەن بۇ جايلار ئىسلاشمىغانلىقى بىلەن باشقا جايلاردىن ئاز - تولا پەرقلىنىپ تۇراتتى. «مۇشۇيەردە بىرسىر بارمۇ-قاندا؟» دەپ ئويلاپ قالدى خوجا بەگ. بۇ خىيالنىڭ ئاساسى يوق ئەمەس ئىدى: ئۇنىڭ سۈننەت تويى بولغان كۈنى تام قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرگەن، كات - ساندۇق، مال-بىساتلارنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك سىردىپ - سۈپۈرۈپ قاچقانىدى. لېكىن بۇ ئائىلە تېز پۇرسەت ئىچىدىلا ئەسلىگە كېلىۋالدى. ھەتتا بۇرۇنقىدىنمۇ ھاللىقراق تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە خوجا بەگنىڭ مەخسۇس چاكىرى ئاغزى - ئاغزىدىن تەگمەي ماختاپ كەتكەنىدى:

— قالتىس ئەقىللىق ئادەم ئىكەن جۇمۇ، كارامەت ئادەم ئىكەن!... ئالتۇن - گۆھەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى توروس جەگىلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىغا، ئۆي تېمىنىڭ تۆشۈكلىرىگە تىقىپ قويغانىكەن...

خوجابەگ دەرھال، دالانلاردىكى قوزۇق ئىزلىرىنىمۇ سەپسالدى. بۇ جايدىكى تۆشۈكلەر ئۆز ئەينى بويىچە تۇراتتى. «ھېلىقى تۆشۈكلەردە چوقۇم ئالتۇن بار!» دەپ جەزمەنلەشتۈردى ئۇ.

— ئات يوق!

— خوجا بېگىم يوق!

— ئاتنى ئوغرىلاپ قېچىپتۇ - دە، يېتىم ئوغلاق!

— ئادەم بالىسىنى باقساڭ، ئاغزى - بۇرنىڭنى قان ئېتەر دېگەن شۇ ئەمەسمۇ مانا!

چۇقان - سۈرەن، تاپا - تەنىلەر باغ - ھويلىنى بىر ئالدى. بىردەمدىلا يۇرت - مەھەللىگە تارالدى.

— ئىزدەڭلەر، ئىزچى - خەۋەرچى ماڭغۇزۇڭلار! — دەپ قويۇپلا مېھمانخانا - سارايلارغا ئالدىرىدى مەخدۇمزادە. ئالتۇن جابدۇقلار ساقلىنىدىغان تۆمۈر ساندۇق ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ، قۇلۇپىمۇ ساق. پىششىق خىشلار ئارىسىغا سىغداپ كىرگۈزۈۋېتىلگەن كېسەك ئالتۇنلارمۇ ئۆز جايىدا.

— ئاتتىن باشقىغا تېگەلمەپتۇ - دە شۈكرى، بالا - قازا شۇنىڭ بىلەن كەتكەي بولسىلا.

بەش قىزپەرزەنتكە ئاتا بولغان، ئوغۇل پەرزەنت تەشنالىقىدا چاڭقاپ كەتكەن مەخدۇمزادە بۇ ئەقىللىق «سەئىدزادە»گە تولىمۇ ئىجىل- ئامراق بولۇپ كەتكەنىدى. قىزدىق - قىزىق تېپىشماق، ھېكايە - چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بېرەتتى. خوجابەگ يەتتە ياشقا كىرگەن يىلى رامىزان ئېيىنىڭ بىر كەچقۇرۇنلۇقى سەككىز قىرلىق پىشايۋان تۈۋرۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ «شىۋىقەدىرى» توغرىلىق سۆزلەپ بەرگەنىدى:

—شىۋىقەدىرى—رامىزان ئېيىنىڭ شىۋىقەدىرى

www.uyghurkitap.com

كېچىسىدە ئاسماندىن چۈشىدىغان يورۇقلۇق — نۇر. ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ شۇ دەقىقىدە قۇچاقلىۋالغان ھەرقانداق نەرسىسى ساپ ئالتۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

— مۇشۇ يوغان تۈۋرۈكنى قۇچاقلىۋالسىمۇ، ئالتۇن بولۇپ قالامدۇ، دادا.

— ئالتۇن بولىدۇ.

— ئاۋۇ چوڭ كۆپنى قۇچاقلىۋالسىچۇ؟

— ئالتۇن بولىدۇ.

— شىۋىقەدىرنى كۆرۈپ قالىدىغان بولسام - زە...

— ھە، نېمىنى قۇچاقلىۋالاتتىڭ، بالام؟

— سېنى!

مەخدۇمزادە كانىيىغا قىلتىرىق تۇرۇپ قالغاندەك «غىققىدە» بولۇپ قالغان، «مېنى — ھە؟» دېيەلىگەنىدى تىنىقى كېسىلگەن ھالدا.

— شۇنداق، مەخسۇم دادا، سېنى قۇچاقلىۋالىمەن، سەن ئالتۇنغا ئايلىنىپ قالىدىغان بولساڭ - زە!...

مەخدۇمزادە بىرمەزگىل تەئەججۈپلەنگەن، تەشۋىشلەنگەن، كېيىنچە «گودەك ئەمەسمۇ، نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلگۈچىلىكى يوق» دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەرگەنىدى. بالا 12 ياشقا كىرگەن يىلى يەنە بىرسوراپباققۇسى كېلىپ قالدى ۋە مۇنداق جاۋاب ئالدى:

— سېنى قۇچاقلىۋالىمەن، مەخسۇم دادا!

مەخدۇمزادە بۇ قېتىممۇ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بەردى: «بالىلىق يېشىغا توشقان بولسىمۇ، ئەقلى توشمىدى. شۇڭا بۇ جاۋابتىن بىئارام بولۇپ كېتىش بىھاجەت». لېكىن بۇ جاۋاب ھەر زامان ئۇنىڭ ئەس - ياددىدا ئىدى. باشقىلارغا دەپ بېرىپ، تەبىر ئاڭلاپ باققۇسى كېلەتتى، ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايتتى. «بەگزادىمىز 16 ياشقا كىرىپ قالدى، بىر ئائىلىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغۇدەك ھالغا يەتتى، — دەپ يىگىرمە يۈرگۈزدى ئۆتكەن يىلى، — ئوبدان ئوقۇدى — بىلىم تاپتى، ئەقىل تاپتى. يەنە بىرسوراپباقايچۇ!»

— ئوغلۇم، يەنە بىر دېگىنە، شىۋىقەدىرنى كۆرۈپ قالساڭ...

— مەخسۇم دادا، كېيىم - كەپ؛ سەندىن باشقا نەرسىنى قۇچاقلاپ قالسام، كۆزۈم كۆرمەس، قولۇم تۇتماس بولۇپ قالسۇن!

«ئاغزىڭغا تاش - تۇپراق!» دېگەنىدى مەخدۇمزادە ئۆز ئىچىدە. ئۇ، ئۈچ قېتىملىق جاۋابنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ يىگىرمە يۈرگۈزۈشكە، تەشۋىشلىنىشكە باشلىغانىدى: نېمانداق جۆيلۈۋېرىدۇ بۇ بالا؟ ئۆزۈم تاپقان داۋاسى تېپىلماس بالا - قازامىدۇ بۇ؟...

مەخدۇمزادا ۋەھىمىلىك ئوي - خىيال ئىچىدە كۆز يۇمۇپ، قەبىھ چۈشلەرنى كۆرىدىغان بولۇپ قالدى: قوتاز قۇيرۇقىدەك قاپقارا كېچە، پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن قىپقىزىل يالقۇن چېچىپ تۇرغان غايەت زور قاناتلىق ئەجدىھا يەر - زېمىنغا قاراپ ئوقتەك شۇڭغۇيدۇ، خوجا بەگ ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولىدۇ - دە، «شىۋىقەدىرى!» دەپ ۋارقىراپ، مەخدۇمزادىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالىدۇ. مەخدۇمزادە ئالتۇنغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

— ئالتۇن بۇت! ئالتۇن بۇت! — دەپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ خوجا بەگ، — كۆزى گۆھەردىن، چىشى مەرۋايىتتىن، تىرناقلىرى ئالماستىن ياسالغان قالتىس بۇت بولۇپ قاپتۇ. ئەڭ ئاۋۋال كۆزىنى ئويۇۋالاي، ئاندىن كېيىن چىشىنى سۇغۇراي، تىرناقلىرىنى قومۇراي! — تىغلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر قۇيۇچ قەلەمنى ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىغا تۇغرىلايدۇ. بىر يېقى تۆگە تاپىنىغا، بىر يېقى بۈركۈت تۇمشۇقىغا ئوخشايدىغان يوغان بولقىنى باشتىن ئېگىز كۆتۈرىدۇ.

— ئاھ، دەپ ئويغىنىپ كېتىمدۇ مەخدۇمزادە، — خۇدا، نېمە كارامەتلىك بۇ؟ — دەيدۇ قارا تەر ئىچىدە. بۇنداق ئەھۋاللار نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن كۆڭلى يېقىن بىر پېشقەدەم ئۆلىماغا ئېيتقان ۋە جاۋاب ئالغانىدى:

— چۈش دېگەن تەتۈرىگە ماڭىدۇ، — دەپ تەبىر بەرگەنىدى پېشقەدەم ئۆلىما، — بۇ ئوغۇل سىلىنى بويلىرى بىلەن تەڭ ئالتۇنغا ئىگە قىلىدىكەن.

مەخدۇمزادە بۇ تەبىرگە گاھ ئىشىنەتتى، گاھ ئىشەنمەيتتى. بەزىدە ئۈمىدلىنەتتى، بەزىدە تەشۋىشلىنەتتى. ئۇ، ھازىر ئەنە شۇ ئۈمىد - ئۈمىدسىزلىك، خاتىرجەملىك - دىشۋارچىلىق گىرەلىشىپ كەتكەن ئاي - يىللارنى ئەسلەۋاتاتتى. تۇۋا - ئىستىغپار ئېيتىپ، خۇداغا ئىلتىجا قىلىۋاتاتتى:

— ئۇ بەدبەختنى ئىز - دېرەكسىز غايىب قىلغىنىڭغا ئۆكۈنمەيمەن، بىر ئاتنىڭ يوقالغىنىنىمۇ ئەپسۇسلانمايمەن. جېنىمغا چىرماشقان بالا - قازانىمۇ شۇ بەدبەخت بىلەن بىللە غايىب قىلغايسەن، ئىلاھىم! - دۇئاغا قول كۆتۈرگەن مەخدۇمزادىنىڭ كۆزى تۇساتتىنلا ھېلىقى تۆشۈكلەرگە چۈشۈپ قالدى، — ئاھ، بەش زىقچا ئالتۇن—يۈز سەر ئالتۇن!...

مەخدۇمزادە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. بەش قىزى بەش تەرەپتىن سەۋرى - تەسەللىي بېرىشكە باشلىدى:

— ئىگەر - يۈگەنلىك بىر ئات — باش - كۆزۈڭنىڭ سەدىقىسى. مۇنچە پەرىشان بولۇپ كەتمىگىنە، دادا، ئىچىڭگە ئورۇپ كەتمىگىنە!

— بىر ئات دېگەن شۇنچە يوغان نەرسىمىدى؟ كات - ساندۇقلارنىڭ ئامان قالغانلىقىغا شۈكرى دېمەمچۇ، دادا!

— ئادەم بالىسى باقساڭ، ئاغزى-بۇرنۇڭنى قان ئېتەر، دېگەندەك «قان ئەتكەن» بولسا، قانداق قىلار ئىدۇق، دادا؟ بىر ئات بىلەنلا تۈگىگەنگە شۈكرى قىل!

— ئىزچى - خەۋەرچىلەر دېرىكىنى ئالالماپتۇ. بارىنى ئوغرى ئالدى، يوقىنى رەمبال دېگەندەك ئىش قىلمايلى، ئىزدەش - سۈرۈشتۈرۈشلەرنى توختىتايلى، دادا.

يوقالغان ئالتۇن توغرىلىق ئېغىز ئېچىش مەخدۇمزادىغا تۈگىمەس تاپا - تەنە، ساقايماس باش ئاغرىقى تېپىپ بېرەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ:

— بولدى، ئىزدەشنى توختىتىڭلار، — دېدى دېمى سىقىلغان ھالدا. يۈز سەر ئالتۇننىڭ مېھرىدىن كەچمەك ئاسان ئەمەس. ئىزدەش يوشۇرۇن داۋاملىشاتتى، ئەلۋەتتە.

## تۇتۇلماس ئوغرى

يارىشىملىق كىچىككىنە سەللە ئورىۋالغان بەقەم تونلۇق خوجابەگ مەدرىسەگە كېتىۋاتقان دۆلەتمەن تالىپنى ئەسلىتەتتى. ھېچكىم گۇمان قىلمىدى، يول توسمىدى. ئۇ، يۇرتمۇيۇرت ئارىلاپ مېڭىپ، ئىككى يېرىم كۈندە قەشقەر شەھىرىگە كەلدى. ئاتنى سېتىۋەتتى. ئاپپاق خوجا مازىرى تەرەپكە راۋان بولدى. داشقازانلار ئەتراپىدىن، خانىقا بوسۇغىلىرىدىن ئۆز ئاتىسىنى سۈرۈشتۈردى. شەھەر ئەۋەسىدىكى چوڭراق خانىقالارنىڭ ھەممىسىنى كېزىپ چىقتى، سۇنۇپ قالغان سەئىدزادە تېپىلمىدى. ئاتىنىڭ پۇلى ۋە پارچە - پۇرات تەڭگىلەر ئاخىرلاشقان، نۆۋەت زىقچە ئالتۇنغا كەلگەنىدى. خوجا بەگ «بۇنى ئوتتۇرىغا چىقارسام، كىشىلەر نېمە دەپ قالار؟» دەپ قورقتى، تەشۋىشلەندى. ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ غەربىي تەرىپىگە جايلاشقان «تىللا سارىيى»غا قەدەم قويغاندىن كېيىن كۆڭلى تىندى. چۈنكى، ئالتۇن سودىگەرلىرى —

www.uyghurkitap.com

سەرراپلار بۇ يەردە مىسقاللاپ - سەرلەپ ئەمەس، جىڭلاپ - چارەكلەپ ئالتۇن ئېلىپ سېتىۋاتاتتى. 12 — 15 ياشلىق باللارمۇ بىر سىقىم - بىر سىقىم تىللانى شاراقلىتىپ، زىقچە ئالتۇنلارنى جىرىڭلىتىپ يۈرۈشەتتى. تەڭگە، يامبۇ دېگەن نەرسىلەر ئادەتتىكى سەرراپلار ئالدىدا گۆلە - قاق، جىگدە - ياڭاقتەك دۆۋىلەكلىك تۇراتتى. خوجابەگ بىر زىقچە ئالتۇننىڭ تۆتتىن بىردىنى ئۈزباھاسى بويىچە كۈمۈش تەڭگىگە تېگىشتى. بۇ تەڭگىلەرنى خىراجەت قىلىش ۋە ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا ياتقان ئىگە - چاقىسىز سوپى - دەرۋىشلەرگە سەدىقە قىلىش يولى بىلەن دادىسىنىڭ دېرىكىنى ئالماقچى بولدى ۋە ئىشقا كىرىشتى. 40 نەچچە كۈندىن بۇيان ئاشكارا - يوشۇرۇن ئىزدەش-سۈرۈشتۈرۈشلەر بىلەن ئاۋارە بولغان خوجابەگ ئۈمىدسىزلىنىشكە، روھسىزلىنىشقا باشلىدى. «ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ - يا؟ ئېھتىمال، ياق، ئۆلگەنلىكىگىمۇ ھېچقانداق دەلىل - ئىسپات، گۇۋاھ بولمىسا ....» خوجا بەگ ئىرماش - چىرماش ئوي - خىياللار ئىچىدە «خانىقا كوچىسى»نىڭ ئىچكىرىسىدىكى تاشلاندۇق خانىقانىڭ ۋەيرانە ھۇجرىسىغا قەدەم قويدى. تام - تورۇسلىرى قاپقارا ئىسلىشىپ كەتكەن بۇ ئۆمچۈك ئۇۋىسىدا ئىڭراپ ياتقان بىر قېرىنى كۆردى. سەدىقە بېرىپ، دۇئاسىنى ئالدى. «كۆپنى كۆرگەن قېرى ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ بىر سوراپ باقاي» دېگەن قارارغا كەلدى:

— بوۋاي، بۇنىڭدىن 17 — 18 يىل ئىلگىرى ئاپپاق خوجام مازىرى ئەتراپىدىكى داشقازانلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغان بىر سەئىدزادىنى بىلەمسەن؟

— داشقازانلارغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان سەئىدزادە؟

— ھەئە، خوجا ئەۋلادى.

— ياق، خوجام. داشقازانلارغا سۈرتۈشۈپ، ئوت قالايدىغان نامرات سوپى - دەرۋىشلەر ئاز ئەمەس ئىدى. داشقازانلارغىمۇ شۇلار ئىگىدارچىلىق قىلاتتى. خوجازادىلەر نېمە ئىش قىلىدۇ داشقازان قېشىدا!



— بوۋاي، ئوزۇكرەك ئەسلەپ باقىڭىنا. مەن سوراۋاتقان سەئىدزادە بەدۆلەت ۋاپاتىدىن كېيىنكى بۇلاڭ - تالاڭلار نەتىجىسىدە بىر ئاز سۇنۇپ قالغان.

— نېمە؟ سۇنۇپ قالغان؟ — بوۋاي بېشىنى كۆتۈردى. دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۇيان-بۇيانغا قاردۇالغاندىن كېيىن تېخىمۇ زەئىپ ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى، — خوجام، راستىنى ئېيتسام، مەنمۇ بىر سەئىدزادە — خوجا ئەۋلادى ئىدىم.

— ئېتىڭىز نېمە؟

— ئەسلى ئېتىم — سەئىد خوجا ئىدى، ھازىرقىسى سىيىت دەرۋىش.

— نېمىشقا؟

— ئۆزۈمنىڭ سەئىدزادە، ئېتىمنىڭ

سەئىد خوجا ئىكەنلىكىنى دەيدىغان بولسام، ئۈلگۈچە دۇمبالايدۇ، كۆن بەرمەيدۇ.

— كىم؟ نېمىشقا؟

— ئۆزىنى خوجا ئەۋلادى دەۋېلىپ جان باقىدىغان كاززاپلار كۆپىيىپ كەتتى. قول-ئىلكىدە بارلىرى خەقنى ئىشەندۈرۈپ كېتەلىدى. باي بولدى. يامبۇدا ئىشىك تاقىغۇدەك ھالغا يەتتى. قول-ئىلكىدە يوقلىرى .... ئاھ، قويسىلا خوجام.

— ئۆي-ماكانىڭ، ئىگە-چاقاڭ يوقمۇ سېنىڭ؟

— قوچقاردەك بىر ئوغلۇم بولىدىغان، ھەي، شاۋ غېرىبچىلىقتا ....

— ئۆلۈپ كەتكەنمۇ؟

— خوجام، بۇنى سوراپ نېمە قىلىدىغانلا؟ ... دۆلەتمەن بىر مەخدۇمزادە تالىشىپ تۇرۇۋالدى. بەش قىزغا ئاتا بولغان، ئوغۇل پەرزەنت ۋەسلىگە تەشنا بولغان ئىسمىلزات ئىكەن....

خوجابەگ «سەئىدزادە» دەپ تونۇپ كەلگەن ئۆز ئاتىسىنى مۇنچىلىك زەئىپلىشىپ كەتكەن قەلەندەر ھالىتىدە كۆرەرمەن دەپ ئويلىمىغانىدى. خۇنۇك بەشىرىسىنى قاتمۇ-قات مەينەتچىلىك بېسىپ كەتكەن بۇ يەكچەشمە مەخلۇقنى قانداقمۇ «دادا» دېيەلىسۇن؟ كېيىم-كېچەكلىرى ئاددىي بولسىمۇ، ئۆزى ساق، يېنى توم، مەگزىدىن قان، پىشانىسىدىن نۇر تېمىپ تۇرغان بولسا، كاشكى!

خوجابەگ خاتىرجەم ئەمەس ئىدى. شۇنچە نۇرغۇن ئالتۇننى يوقاتقان مەخدۇمزادىنىڭ ھەر تەرەپكە ئىزچى-پايلاقچى ماڭدۇرماي قالمايدىغانلىقى شەك-شۈبھىسىز ئىدى. تۇتۇلۇپ قالىدىغانلا بولسا، يۈزىگە قارا سۈرتۈلۈشى، ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈلۈپ سازايى قىلىنىشى ھەتتا چالما-كېسەك قىلىنىشى مۇقەررەر ئىدى. خوجا بەگ ھازىر پاناھلىنىدىغان جاينى بىلىدىغان، تەجرىبىلىك بىر ئادەمگە مۇھتاج ئىدى. نېمىشقىدۇ، كۆڭلى يەنىلا مۇشۇ ئادەمنى تارتىپ قالدى. قانداقلا بولمىسۇن ئۆز ئاتىسى ئەمەسمۇ؟ «ئۆز دادام ئىكەنلىكىنى ئاشكارىلىمىدىم ئەمەس، قول-ئىلكىمدىكى مال-دۇنيانىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇشۇم كېرەك. ئۇنىڭ كېيىمگە كىرىشىم، سىزىقىدىن چىقماسلىقىم شەرت. كىچىككىنىدىن تارتىپ ھەممىنى بويسۇندۇرۇپ كېلىپ، ئەمدىلىككە بىكاردىن-بىكار قانات-قۇيرۇقۇمنى بوغۇشلاپ بېرەمدىمەن؟ يەنە كېلىپ، ئاشۇ سېسىق قەلەندەرگە-ھە؟ ئۇنىڭدىن كۆرە....؟»

— بوۋاي، شۇنداق قىلىپ، سېنى نېمە دەپ چاقىرىمەن؟

— سىيىت سوپى دەملا، دەرۋىش دەملا، ئۆز ئىختىيارلىرى، خوجام.

— خوپ، سىيىت دەرۋىش دەي. ماڭا قارا، سىيىت دەرۋىش!

— خوش، خوجام.

— بېشىڭنى سىلىسام، قولۇمنى چىشلەمسەن؟ ياخشىلىقىقا يامانلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرامسەن؟

— بۇ نېمە دېگەنلىرى، خوجام؟ ئىت چېغىدا ئۆز ئىگىسىنى خۇدا دەپ بىلىدۇ. مەن غېرىبقا ياخشىلىق قىلسىلىرى، ئەلۋەتتە...

— مىندىرلىغۇچىلىك ماغدۇرۇڭ بارمۇ؟

— بولالمايدىغان، خوجام، ئەمدىلا قىرىق نەچچە ياشقا كىرگەن تۇرسام.

راست، زىننا ئۈستىدە تۇتۇلۇپ، مۇشت-پەشۋا ئاستىدا قالغانلىقى تۈپەيلىدىن مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالغان بۇ ئادەم ئەسلىدە ئوتتۇرا ياشلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان كۈچتۈڭگۈر دەرۋىش ئىدى. خوجا بەگ مۇھىم بىر

www.uyghurkitap.com

ئىشنى سوراپ قالدى:

— بىرەر ھۈنىرىڭمۇ بارمۇ؟

— ھۈنەر؟ — كاڭگىراپ قالدى دەرۋىش، — ھۈنەرۋەن كىشى مۇنداق كۈنگە قالامدۇ، خوجام؟

خوجا بەگ ئىزاھات بەردى:

— ئىش ئەپلەشتۈرەلەمسەن دېمەكچىمەن.

— بۇ جەھەتتىن تامامەن خاتىرجەم بولسىلا، خوجام. كەمىنە قۇللىرى يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان بىكار ياتقىنى يوق بۇ يەردە.

— ئۇنداق بولسا، تۇرۇپ تۇر. مەن ساڭا ئاش - تاماق، كىيىم - كېچەك ئېلىپ كېلەي. ئاندىن كېيىن ساتراشخانىغا، ھاممامغا ئېلىپ باراي.

— رەھمەت، ئىلتىپاتلىرىغا يۈزمىڭ رەھمەت. ئازراق ناسىۋال ئالغاچ كېلىشنى ئۇنتۇپ قالمىغايلا، خوجام، مانا ناسىۋال قاپاق.

تويۇنغاندىن كېيىن ماغدۇرىغا، يۇيۇنغان، كىيىنگەندىن كېيىن ئادەم سىياقىغا كىرىپ قالغان بۇ مەخلۇق ئالقىنى كەڭ،مەرد خوجا بەگنىڭ ئىنائەتمەن چاكىرى بولۇشقا چىن كۆڭلىدىن رازى بولدى. ئۇلار ئىچكىرى بىر كوچىدىن ئىككى ئېغىز ئۆي ئىجارىگە ئېلىپ ئورۇنلاشتى.

خوجا بەگ يەنىلا دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتمەكتە ئىدى. بازار - رەستىلەرگە كەمدىن - كەم چىقاتتى. يول يۈرگەندە يان - يېنىغا، ئالدى - كەينىگە دىققەت قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى. مەخدۇمزادىگە ياكى ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىغا، ئۆز يۇرتلۇقلارغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىرەر ئادەمنىڭ قارىسىنى كۆرگەن ھامان ئۆزىنى دالدىغا ئالاتتى. كېچىلىرى تىنچ- قىنا ئۇخلىيالمايتتى. كۆپىنچە ھاللاردا ئارغامچا - سىرتماق چۈشەپ قالاتتى. بوينىغا سېلىنغان سىرتماقتىن قۇتۇلسا، يىلاندەك يۆگىشىۋالغان ئارغامچا. ئارغامچىدىن قۇتۇلسا، سىرتماق... قارا تەرگە چۆمۈلگەن خوجا بەگ ئېچىنىشلىق ئىڭراپ كېتەتتى. بۇ ھال بىرنەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن:

— قانداق يوچۇن دەردلىرى باردۇ، خوجام؟ — دەپ سوراپ قالدى سەيىت دەرۋىش، — كۈندۈزلىرى خاتىرجەمسىزلىك، كېچىلىرى بىئاراملىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقىلى نەۋاخ. كەمىنە قۇللىرىغا ئىشەنسىلە، گۇمان قىلمىسىلا، كۆڭۈللىرىدىكى غەم - تەشۋىش تۈگۈنلىرىنى يېشىۋەتسىلە.

خوجا بەگ ئەپچىللىك بىلەن يېڭى چۆچەك توقۇشقا كىرىشتى:

— سەئىند ئەۋلادىغا مەنسۇپ بولغان بىر ئاتىنىڭ قوشكېزەك ئوغۇللىرى ئىدۇق. بالاغەتكە يەتكۈچە قوشمېغىزدەك يېقىن ئۆتتۇق. خۇدا مېنىڭ كۆڭلۈمگە «ئاق تاغلىق» ئەجدادلىرىمىنىڭ ئىشتىياقىنى سالغانىكەن، شۇلارنىڭ يولىدا ماڭدىم، ئاكام «قاراتاغلىق»لارنىڭ.

— ئەقىللىرىگە ئاپىرىن، خوجام. «قارا تاغلىق» دېگەنلەر مۇھتەرەم بوۋىمىزنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن «ئىسھاقىيە»چىلەرنىڭ دەل ئۆزى ئەمەسمۇ؟

— ئاتام «ئاق تاغلىق»لارغا ئېتىقاد قىلاتتى، مېنى قوللايتتى، بەك ئارزۇلايتتى. شۇڭلاشقا ئۆز ئىلكىدىكى ئالتۇنىنىڭ ھەممىسىنى ماڭا خۇپىيانە ھالدا مىراس قىلىپ بېرىۋەتكەنىدى، ئاكام بىلىپ قاپتۇ. مېنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈۋېتىش قەستىگە چۈشۈپتۇ. يۇرتنى تاشلاپ قېچىپ چىقماقتىن باشقا ئامال بولمىدى.

— پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەنلىرى تولىمۇ ئوبدان بولۇپتۇ. ئالتۇن دېگەن ھاياتلىق يىلتىزى، ئامەت يۇلتۇزى ئەمەسمۇ، خوجام.

— ئۇ، قان - قېرىنداش ئەمەس، ئۆتتۈپ كەتكەن قارا نىيەت زىيانداش. ئۇنىڭ قولىدىن

ھەر بالا كېلىمىدۇ. ئىزچى - چوماقچىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ قالامدىكىن دېگەن تەشۋىشتە مەن.

— مۇنداق دېسىلە، خوجام، — ئىۋىشتۇمتۇت ئېرىشكەن شەپقەتچىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن تەشۋىشلەنگەن دەرۋىش بىر ھازا ئۈيىلانغاندىن كېيىن دېدى، — شەھىدانە خوتەنگە كېتىپ، «ئىمام جەپىرىسادىق مازىرى»دا، ياق، خوجام، خوتەنگە ئەمەس، تۇرپانغا كېتىپ، ئەسھابۇلكەھفتە بىر قانچە يىل تۇرۇپ كەلسەك قانداق؟

— ئەسھابۇلكەھفتە؟

— شۇنداق، خوجام. بىر تالاي جان - جانۋارلار ئۆچەككە كىرمىسە، قىشتىن چىقالمايدۇ. ئۆچەكتىن بولسا، باشقىچە تۇس - قىياپەت بىلەن چىقىدۇ. ئەسھابۇلكەھف غارىدا بېرىشىمىزمۇ خۇددى شۇنداق گەپ. بىراق بىز ئۇ يەردە تىپتىنچ ئۇخلىمايمىز.

— نېمە ئىش قىلىمىز؟

— سەيلە - زىيارەت، دۇئا - تىلاۋەت، سودا - تىجارەت، — ھەييارلىق بىلەن كۈلۈپ قويدى ئۇ.

— تىجارەت؟

— شۇنداق، خوجام. سىلە مەدداھنى كۆرگەنمۇ؟

— كۆرگەن، جەڭنامىمۇ ئاڭلىغان.

— ھەببەللى! مۆھتىرەم بۇۋىمىز ھىدايىتۇللا ئىشان خوجامۇ يۇرت - يۇرتتا مەدداھلىق قىلىپ، ھەددى - ھېسابسىز مال - دۇنيا تاپقان، ئىززەت - ئىناۋەت تاپقان. بۇ ھۆنەرنى بىزمۇ ئۆگىنىۋالىدىغان بولساق...

— بىزمۇ مەدداھلىق قىلامدۇق؟ — ھەيرانلىق بىلەن سورىدى خوجا بەگ.

— شۇنداق، خوجام. ھەركۈنى مەدداھلارنىڭ جەڭنامە - رىۋايەتلىرىنى ئاڭلايمىز. گېپى كەلسە، ئۆزىگە چاقىرىپ، مەدداھلىق قىلدۇرىمىز. جىمى ھۈنەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆگىنىۋالىمىز. سىلە مەدداھ، مەن «دوستە» تارتىپ بەرگۈچى. بىرنەچچە ئادەم يالىلۋالىمىز، ئۇلارمۇ «دوستە» تارتىشىپ بېرىدۇ. دەسلەپ يېزا - سەھرالاردا، كېيىن شەھەرلەردە تاپاۋەت قىلىمىز. پۇل دېگەننى چويلا بىلەن ئەمەس، تور بىلەن سۈزىمىز، تور بىلەن!

— ئاكام ئىزدەپ كېلىپ قالسىچۇ؟

— غەم قىلمىسىلا، ئۇنى شۇنداق بابلايمىزكى، — چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى شەيت دەرۋىش، — كارغا يارايدىغان يىگىتلەردىن بىر قانچىنى تونۇشتۇرۇپ قويىمەن. كېلى بىلەن پارچە - پۇرات خىراجەتلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغانلا بولسىلا، سىلىنى ھەرقانداق خەۋپ - خەتەر، بالا - قازادىن ساقلىيالايدۇ. سىلىنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلىدىغان ئادەمنىڭ بېشى ئۇنىمىكەن؟!

— ئەسھابۇلكەھفكە قاچان ماڭىمىز؟

— مۇشۇ تىجارەتنىڭ يولىنى بىلىۋالغاندىن كېيىنلا.

— بەك كېچىكىپ كەتمىسە بولاتتى.

— «سەۋرىنىڭ تېگى سېرىق ئالتۇن» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ، خوجام؟ مۇنچە ئالدىراپ كەتمىسىلە. مەدداھلىقنى بىلمىسەك، پۇل تاپالمايمىز، يول تاپالمايمىز، ئىناۋەت تاپالمايمىز، مۇرىت - مۇخلىس توپلىيالمايمىز. مۆھتىرەم بۇۋىمىز نەچچە يۈز يىل ھۆكۈم سۈرگەن شۇنچە قۇدرەتلىك سەئىدىيە خانلىقىنى ئاغدۇرۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇچيۈزمىڭ مۇرىت توپلىغانىكەن. ئەسھابۇلكەھفكە بارغىچە ئۈچيۈز، قايتىپ كەلگىچە ئۈچمىڭ مۇرىت توپلىيالىساق، شانۇشەۋكەتلىرى خەلقى - ئالەمگە تارالمامدىغان! نى - نى سوپى - ئىشانلار، ھاكىم - بەگلەر ئاياغلىرىنى تاۋاپ قىلمامدىغان!...

دۆلەتمەن ئائىلىدە خوجايىنلىق كىبىرى بىلەن چوڭ بولغان خوجابەگ ئۆزاقتىن بۇيانقى

www.uyghurkitap.com

شېھىرىن چۈش، لەززەتلىك خىياللىرىنىڭ مېھرىنى چېقىۋاتقاندەك خۇش بولۇپ كەتتى.

ئۇ، ھاياجانلىناتتى، ئالدىرايتتى. سېيىت دەرۋىش ئۇچار قانات چاپارمەنلەردىن بىرقانچىنى ئۆز خوجايىنىغا تونۇشتۇردى. خوجا بەگ ئۇلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەركىن يۈرەلەيدىغان، ھەرقانداق سورۇنلارغا بىمالال بارالايدىغان بولدى. مەدداھلارنىڭ پۇل سوزۇش ھۈنىرى خوجا بەگنى ئەسىر قىلىۋالدى. مەدداھلار شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن سۆزلەيتتىكى، پۈتۈن سورۇن ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى قانداقتۇر بىر سېھىرلىك كۈچ بىلەن ئۆز چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالاتتى. ئۇلار دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە بولسا، ھەرقانداق كىشى ئۇنىڭ تىلىگەن نەرسىسىنى بەرمەسلىكنىڭ ئامالىنى قىلالمايتتى:

— ئۆز قۇدرەت كامالى بىلەن ئالەم بەنا قىلغان، بىر سىقىم تۇپراقتىن ئادەم بەنا قىلغان ئۇلۇغ قۇدرەت ئىگىسىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن، — دەپ باشلايتتى مەدداھ، — ئۇشبۇ سورۇنغا جەم بولغان بارلىق ئەركەك زاتىنىڭ خىسلەت ۋە پەزىلىتىنى خاس كۆزى بىلەن كۆرۈپ، خاس تارازىسى بىلەن ئۆلچەپ تۇرغۇچى ئۇلۇغ ھېكمەت ئىگىسىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى ئۈچۈن، پانىي ئالەمگە ئىمان بىلەن كېلىپ، باقى ئالەمگە ئىمان بىلەن كېتىش ئارزۇ - ئىستىكىدە ياندىغان ئىمانى كامىل بىر يىگىتتىن بىر دانە تىللا تىلەيمەن!

— ئامىن! — دەپ تەكشى قول كۆتۈرەتتى تۆت تەرەپكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان سەككىز نەپەر دوست تارتقۇچى شېرىكى يىغلامسىرىغان ئاۋاز بىلەن. مەدداھ سەدىقە تىلەش سۆزلىرىنى داۋاملاشتۇراتتى:

— خۇدا يولىدا سەدىقە قىلىنغان بۇ تىللا ئۇلۇغ روزى مەھشەر كۈنلىرى ئالتۇن لىباسلىق سەككىز پەرىزاتقا ئايلىنىپ، سەككىز جەننەت بوسۇغىسىدا ھازىر بولغاي، چەكسىز ئىززەت - ئىكرام بىلەن سالام - تازىم بەجا كەلتۈرۈپ، خۇش نەپەسلىرىدىن ئىپار تارقىتىپ، نەزمە - بېيىت چاچقۇسى چاچقاي...

«دوست» تارتقۇچى سەككىز ھەمشېرىكى مەرد - سېخى يىگىتنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن سەككىز جەننەت دەرۋازىسى ئالدىدا چىققان سەككىز پەرىزاتنىڭ نەزمىسىنى باشلايتتى:

«ئول خۇدادۇر يەتتە ئىقلىم پادىشاھى - قازىسى،
خاس قولىدا - ئىلكىدە گۇناھ - ساۋاب تارازىسى.
تاللىغايسەن، ئەي سېخى، سەككىز بېھىشتىن قايسىنى،
مەرد - سېخىلەرگە ئوچۇق سەككىز بېھىش دەرۋازىسى...»

سەدىقە تىلىگۈچى مەدداھ تېخىمۇ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن داۋاملاشتۇراتتى:

— ئالتە كۈنلۈك ئالەمنىڭ راھەت - پاراغىتىگە ھەۋەس قىلمايدىغان، مال - دۇنيانى دوست تۇتمايدىغان مەندەك بىر تەركىي دۇنيا نەسىھەتچىگە بىر دانە تىللا سەدىقە قىلغان ئىمانى كامىل ئەركەك زاتى سەككىز جەننەت ھۆرلىرى ئارىسىدا تالاش - تارتىشتا قالغاي:

ئەي يىگىت، ئالدىڭغا چىقتىم، جەننەتۇل مەئۋاغا كىر،
جەننەتۇل پىردەۋسكە كىر، گۈللىرى بەرناغا كىر.
ئەي يىگىت، شامۇ سەھەر كۈتتۈم سېنى تەشنائى - زار،
جەننەتۇل رىزۋانغا كىرگىن، كەۋسەرى دەرياغا كىر...

مەدداھلار قىيامەت كۈنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كەلگەندەك ناھايىتى ئىشەنچلىك سۆزلەيتتى. ئۇلار گويا ئەرش مۇئەللەق ئۈستىدە خۇدا بىلەن پەرىشتىلەر ئوتتۇرىسىدا بولۇپ ئۆتكەن سۆھبەتلەردىن تارقىپ، يەتتە قات زېمىن ئاستىدىكى ۋەيلۇن دوزاقتا كۆيۈۋاتقان گۇناھكارنىڭ داد - پەريادىغىچە

ھەممىنى بىلەتتى. قازا قىلغۇچىنىڭ قايسى مالائىكە تەرىپىدىن قانداق سوراق قىلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلەيتتى. قىسقىسى، مۇشۇ سورۇندىكى ھەر قانداق بەندىنىڭ ئاخىرەتتە كۆرىدىغان جەبرى-جاپا، ھوزۇر-ھالاۋەتلىرى ئۇنىڭ مەزكۇر مەدداھقا بولغان ئىخلاس - ئەقىدىسىگە باغلىق ئىدى. مەدداھ ئۆزلۈكسىز سەدىقە تىلەيتتى، تۆتكۈپپاگچىسى «ئامىن!» دېيىشىپ بېرەتتى، تۆتكۈپپاگچىسى يوغان داستىخاننى تۆت تەرەپتىن تۇتلۇپ، سورۇننى ئايلىناتتى. سەدىقە قىلىنىغان ئالتۇن-تىللا، كۈمۈش تەڭگە، مىس داچەن، تون، بەلباغ، پىچاق، نان، تۇخۇم ... قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى داستىخانغا تاشلىناتتى. بۇلارنى كۆرگەن خوجا بەگنىڭ كۆزلىرى ئالىچەكمەن بولۇپ كېتەتتى. «قالتىس ھۈنەر ئىكەن! — دەيتتى ئۇ تەقەززالىق ئىچىدە. — بىر ئۆگىنىۋالسام - زە...»

خوجا بەگ بۇ ھۈنەرنى راسا بېرىلىپ ئۆگىنىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەھرادىن ئادەم كېلىپ قالدى. ئۇلار خوجا بەگنىڭ پېيىغا چۈشتى، خوجا بەگنىڭ ياللانمىلىرى ئۇلارنىڭ پېيىغا. ئۇلار ئۈچ كىشى ئىدى، خوجا بەگنىڭ ياللانمىلىرى ئۇلارنى قاتتىق ئۇرۇپ پۇتى باسماس، قولى تۇتماس ھالغا كەلتۈرۈپ قويدى - دە، كەلگەن يېرىگە قوغلىۋەتتى. خوجا بەگ يەنە تەشۋىشكە چۈشتى: «ھەمراھلىرىم يوق چاغدا كېلىپ قالسا، ئەھۋالىم قانداق بولار؟ ئۈچ ئەمەس، ئوتتۇزى كېلىپ قالسىچۇ؟...»

خوجا بەگ يار-يۆلەكچىلىرىنى كۆپەيتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىقچى - ھەزىلكەشلەر، سېرىكچى - ھەييارلار، چېكەرمەنلەر، كىچىك قىمارۋازلارمۇ بار ئىدى. ئۇلار خوجا بەگدەك ئالقىنى ئوچۇق بايۋەچچىنى تاپقىنىغا خۇش. خوجا بەگ ئۆز كۈنىنى زېرىكمەس ۋە تەشۋىشسىز ئۆتكۈزگىنىگە خۇش ئىدى.

تىنجىق - دىمىق تۈگمەيۋاتقان، سەپەر تەييارلىقى تازا يۈرۈشمەي تۇرۇۋاتقان كۈنلەردە بارات ئېيى كىرىپ قالدى، تۈنەك كېچىسى يېقىنلاشتى. خوجا بەگ سەھرادىكى چاغلىرىدا بارات ئېيى كىرىش بىلەن تەڭ مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ھەممىسىنى ياغلىققاپاق ئوغۇرلاشقا سەپەرۋەر قىلاتتى. بالىلار ئۆز ئۆيلىرىدىكى ياغلىققاپاقلارنى ئوغۇرلاپ چىقاتتى. يولدىن ئۆتكەن ھارۋىكەشلەرنىڭ كېچىككىنە ياغلىققاپاقلىرىغىمۇ ئارام بەرمەيتتى. تۈنەك كېچىسى بۇ قاپاقلارنى ئۇزۇن ياغاچلارنىڭ ئۇچىغا باغلاپ ئوت ياقاتتى - دە، مەشئەلدەك كۆتۈرۈپ، مەخسۇس قوشاقلارنى ئېيتىپ، ئۆيمۇ - ئۆي كېزەتتى ياكى مازار - ماشايىخلار تەرەپكە راۋان بولاتتى. خوجا بەگ بۇ ئويۇننىڭ تەشكىلاتچىسى، بالىلارنىڭ سەردارى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مەشئەلنى كۆتۈرۈپ، سەپ ئالدىدا ماڭاتتى، قوشاقنىمۇ باشلاپ بېرەتتى. ھەممىنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرەلىگەنلىكى ۋە بويسۇندۇرالىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتى، ھوزۇرلىناتتى. شەھەردە شۇنداق ئادەت بارمىدۇ - يوقمىدۇ؟

— ئاغىنىلەر، تۈنەك كېچىسى يېقىنلىشىپ قالدى! — خوجا بەگنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەكلا سۆز باشلىدى بىر ئالاقانات، — ئۆز ئۆيىمىزدا يېتىپ چۈش كۆرەمدۇق ياكى يىگىتلىكىمىزگە لايىق ئىش كۆرەمدۇق؟

— ئاسمانغا ئوت ياقىمىز! — دەپ جاۋاب بېرىشتى باشقىلار.

— ياغلىققاپاقنى نەدىن تاپىمىز؟

— ئوغۇرلايمىز! — تەڭ ۋارقىراشتى باشقىلار، — خۇدا يولىدا ئوغۇرلۇق قىلىش گۇناھ ئەمەس. قاپاق ئوغۇرلىيالمىغانلار ئوغۇل بالا ئەمەس!

خوجا بەگنىڭ بېشىغا كۈن چۈشتى: قاپاق ئوغۇرلىيالمىغان كىشى ئوغۇل بالا ھېسابلانمايدۇ، «قورقۇنچاق» دەپ ئەيىبلىنىدۇ،

www.uyghurkitap.com

مەسخىرىگە قالىدۇ، ئابرويى تۆكۈلىدۇ. نېمە قىلىش كېرەك؟ خوجا بەگ ئۇيسان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىرى دەڭ-سارايلارنى چارلاپ بېقىش قارارىغا كەلدى-دە، ئەتىكى ھەمراھىنى ئەگەشتۈرۈپ، تۆشۈك دەرۋازا سىرتىغا قاراپ راۋان بولدى.

يېرىم كېچە ئىدى. خوجا بەگلەر سۆڭگۈچتىن كىرگەن كۈچۈكتەك ئۆمىلەپ يۈرۈپ، كارۋان سارىيىدىكى ھارۋىلارنىڭ تېگىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى. كۆپ يىللاردىن بۇيانقى بارات ئېيىدا ياغلىققا پاقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغان ھارۋىكەشلەر ئېھتىيات قىلغانمۇ ياكى باشقا باللار ئاللىقاچان ئوغۇرلاپ بولغانمۇ، ئىشقىلىپ، كۆزلىگەن نەرسە قولغا چىقمىدى.

خوجابەگ تولىمۇ تىت-تىت بولدى. قۇرۇق قول قايتىش — ئابرويىدىن ئايرىلىپ قېلىش بىلەن تەڭ ئىدى. ئۇ، ھەمراھلىرىنى پايلاقچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىپ، يەر بېغىرلاپ تىرەجەپ مېڭىپ، ئاختۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى. ئەنە، بىر بۇلۇڭغا چۆكتۈرۈلگەن ئون نەچچە تۆگە ئىشتىھا بىلەن پاخال يەۋېتىپتۇ. ناھايىتى سۈس كولدۇرما ئاۋازى ئاڭلىنىۋېتىپتۇ. «شۇنچە ئاۋارە بولۇپ، قۇرۇق قايتقىچە...».

خوجا بەگ كولدۇرمىلىق تۆگە يېنىغا سۈرۈلۈپ كەلدى. چېچىلىپ كەتكەن پاخالنى يېقىنلاشتۇرۇپ قويدى. كىچىككىنە گۈل تاشتىكى ھەجىملىك بىر كولدۇرما، ئۆدەك تۇخۇمىچىلىك بىر تالاي كولدۇرما ئالقانچە كەڭلىكتىكى قوش قەۋەت تاسمىغا ئۆتكۈزۈلۈك تۇرۇپتۇ. «سىيىت دەرۋىش تۆگە بىلەن سەپەر قىلىمىز دەۋاتقانىدى، مەن مىنگەن تۆگىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدىغان بولسام» ئۇ، تاسمىنى مىڭ تەسلىكتە كېسىپ، كولدۇرمىلارنى يەكتىكىگە يۆگىدى. ھەمراھلىرىدىن يوشۇرۇنچە ئۆمىلەپ، ساراي بوسۇغىسىدىن چىقىۋالدى-دە، يول قاسىنىقىدىكى باراقسان سۆگەتلەر سايىسى قوينىغا سىڭىپ كەتتى.

ھارغان-چارچىغان، ئۇيقۇسىز قالغان خوجا بەگ چاشكا ۋاقتى بىلەن ئويغاندى، ياستۇقى ئاستىغا يوشۇرۇپ قويغان كولدۇرمىلارنى ساناشقا باشلىدى. ئۆدەك تۇخۇمى چوڭلۇقىدىكى كولدۇرمىلار قىرىق ئىدى. بىر قاداق ئېغىرلىقتىكى چوڭ كولدۇرمىنىڭ سىرتى تۆمۈردەك، ئىچى مىستەك قىلاتتى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ياڭاق چوڭلۇقىدىكى تېشى بۆلەكچىلا پارقىراپ تۇراتتى. خوجا بەگ ئويلاپ قالدى: «تۇچمىدۇ ياكى مىسمىدۇ؟» چوڭ كولدۇرمىنىڭ ئىچىگە، كىچىك كولدۇرمىلارنىڭ پاقىراق تەرەپلىرىگە چوڭقۇر سەپسالدى. تۇساتتىنلا «ئالتۇنمىدۇ؟» دېگەن گۇمان تۇغۇلدى-دە، جىددىيلەشتى. ئۆز ئىلكىدىكى زىقچە ئالتۇنلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقتى. چىشلەپ كۆردى، چېكىپ باقتى. ئاخىرى ھۆكۈم چىقاردى: ئالتۇن ئىكەن، جىمك ئالتۇن!

خوجا بەگنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى: كولدۇرما دېگەننىمۇ ئالتۇندىن ياسامدۇ؟ شۇنچىلا ئالتۇننى تۆگىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويغان قانداق ھاماقەتتۇ ئۇ؟

ياش خوجايىنغا ناشتىلىق ئېلىپ كىرگەن سىيىت دەرۋىش ھەيرانلىق بىلەن سورىدى:

— ۋاھ، بۇ كولدۇرمىلار نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان نەدە ئىدى، خوجام؟

— پىنھان جايغا يوشۇرۇپ قويغانىدىم، كېچىچە ئېلىپ كەلدىم.

— قالتىس كولدۇرمىلار ئىكەن! سىلە مىنىدىغان تۆگىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويىدىغان بولساق-زە!... — ساناپ، سىلاپ بېقىپ سورىدى، — بوۋىلىرىدىن قالغان تەۋەررۇك ئىكەن-دە؟

— شۇنداق.

— تۇچمۇ-مىسمۇ؟

ئۆزەك دەپپاقىنا، نېمىدەك تۇرىدۇ؟

— مۆھتىرەم بوۋىلىرىدىن مىراس قالغىنىغا

قارىغانىدا...

— ھە، نېمىدەك تۇرىدۇ؟

دەرۋىش تۇغرىدىن-تۇغرا جاۋاب بېرىش ئورنىغا بىر ۋەقەنى بايان قىلدى:

— تۈچ، مەن كولدۇرما دەپ سېتىۋالغىنى مۇشۇنداق كولدۇرما چىقىپ قېلىپ، باي بولۇپ كەتكەن كولدۇرمىچىلار، تۆمۈر-تەسەكچىلەر ئاز ئەمەس. يارباغ دەرۋازىسى تەرەپتە هارۋا جابدۇقلىرىنى ساتىدىغان بىر كىشى بولىدىغان. دۇكىنىدا ئىگەر-يۈگەن، ئۇختىدىن تارتىپ ئۇزۇن-قىسقا قامچا، چوڭ-كىچىك كولدۇرمىلارنىڭ ھەممىسى بولىدىغان. خېرىدار بىلەن چىقىشالمايدىغان تەرسا، توڭ ئادەم ئىدى. سودىسى يۈرۈشمەي، سېرىقتال تۇرمۇش كەچۈرىدىغان هالغا چۈشۈپ قالغانىدى. مانا هازىر پۈتۈن يارباغ تەۋەسىدە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان باي يوق. ئاڭلىساق، بۇ ئادەم مۇشۇنداق غايىب خەزىنىگە ئۇچراپ قالغانىكەن. ھەيران بولمىسىلا، خوجام. يۇرتىمىز ئەزەلدىن ئالتۇن-گۆھەرنىڭ كانى ئىكەن. شاھ-سۇلتانلىرىمىزنىڭ لىگەن-پەتنۇسلىرىدىن تارتىپ، چىنە-قوشۇقلىرىغىچە، ئۆتۈكىنىڭ ناھالىسىدىن تارتىپ ئاتلىرىنىڭ تاقىسىغىچە ھەممىسى ئالتۇندىن بولغانىكەن. ئات-تۆگىلىرىنىڭ يۈگەن-چۇلۇكلىرى، چوڭ-كىچىك كولدۇرمىلىرىمۇ ئالتۇندىن بولىدۇ-دە، ئەلۋەتتە. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ نەرسىلەر قولدىن-قولغا ئۆتۈپ، ئاخىرى ئالتۇن بىلەن مىسنىڭ پەرقىنى ئايرىيالمايدىغان نادانلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ قالىدۇ-دە، بېشىغا كۈن چۈشكەن هامان ئېلىشىغا ساتىدۇ ياكى ئات-تۆگىلىرىنىڭ بوينىدا قويۇۋېرىدۇ.

بۇ تەھلىلگە قايىل بولغان خوجا بەگ مەغرۇرانە سوئال قويدى:

— مۇھتەرەم بوۋىمىزمۇ پادىشاھ بولغان ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق، 19 يىل پادىشاھ بولغان، يۇرت سورىغان!

— سەپەر قىلغاندا تۆگىگە مىنگەن؟

— ئەلۋەتتە.

— مۇشۇ كولدۇرمىلارنى ئۆزى مىنگەن تۆگىگە ئاسقان؟

— بۇنىڭدا شەك يوق!

— دېمەك، بوۋىمىزنىڭ ماڭا قالدۇرغان بۇ تەۋەرۈكىنىڭ ساپ ئالتۇن ئىكەنلىكىدىمۇ شەك يوق، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، خوجام. بۇ تەۋەرۈك-ھەزرەتلىرىنىڭ شەك-شۈبھىسىز سەئىدزادە ئىكەنلىكلىرىنىڭ روشەن دەلىلى، شاھىدى! ئەسھابۇلكەھبكە يۈرۈش يولىمىزدا قالتىس ئەسقاتىدىغان بولدى-دە، بۇ تەۋەرۈكلەر!

## ئالتۇن كولدۇرملىق ئىشان

ئۈچقۇر ئاتلارغا مىنگەن بىر توپ «سودىگەرلەر» دەك-سارايلارغا چۈشەر-چۈشمەي تۇرۇپلا «خۇشخەۋەر» يەتكۈزۈشكە باشلايتتى.

— ئالتۇن كولدۇرملىق ئىشان كېلىۋاتىدۇ!

— جاناب رەسۇلۇللانىڭ 32- نەۋرىسى. خوجا ئىشان خوجام كېلىۋاتىدۇ!

— بۇ ئۇلۇغزات قوش گۈمبەز دېگەن يۇرتتا بىرلا «سوپ» دەپ، قىرىق يىللىق ئەمانىڭ كۆزىنى ئېچىۋېتىپتۇ!

— بەشتوغراق دېگەن مەھەللىدە بۇ ئۇلۇغزات راسلاپ بەرگەن دىمىدىنى ئىچكەن يەتتە بىمار سەللىمازا ساقىيىپ كېتىپتۇ.

— كالتە قۇيرۇق دېگەن يۇرتتا ساپساق بىر نائەھلى بۇ ئۇلۇغزاتنىڭ كاراماتىگە ئىشەنمەپتىكەن، شۇ كېچىسى ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ قاپتۇ. ئەھلى جامائەت قارىدىۋىدەك يولسا، بۇ بەدبەختنىڭ ھەلقۇمىدا ئەزرائىل تىرنىقىنىڭ ئىزى تاۋرىغۇدەك.

— بۇ ئۇلۇغزاتنىڭ نەزىرىگە يولۇققانلار نۇسرەت تاپىدۇ، غەزىپىگە يولۇققانلار دۇئايىبەتكە كېتىدۇ. بۇ زاتنىڭ مۇبارەك دىدارىنى كۆرگەن ۋە ئىجابەتلىك دۇئاسىنى

ئالغاندىن بۇيان سەپىرىمىز بىخەتەر بولماقتا، سودىمىزغا بەرىكەت ياغماقتا. سىلەرمۇ دۇئاسىنى ئېلىۋېلىشقا ئالدىراڭلار. بىخوتلۇق قىلىپ، پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماڭلار! بىزمۇ بۇ يۇرتتا بىر قانچە كۈن تۇرۇپ، شۇ ئۇلۇغزاتنىڭ دۇئاسىنى يەنە بىر قېتىم ئالغاندىن كېيىن يولغا چىقماقچىمىز.

— تونۇيالماي قالماڭلار، بۇ نەۋقىران ئۇلۇغزات مىنگەن نار تۆگىنىڭ بويندا ئالتۇن كولدۇرما بار! بۇ كولدۇرما — ھەزرىتى ئاپپاق خوجامدىن مىراس قالغان تەۋەررۈك.

«ئەسھابۇلكەھب غارى» — تۇرپان تۇيمانلىقىنىڭ تۇيۇق يېزىسى تەۋەسىدىكى غار. موللا مۇسا بىننىي موللا ئەيسا خوجاسايرامى (1836 - 1917 - يىللار) غا ئوخشاش مەشھۇر تارىخچىلىرىمىز تەرىپىدىن «ئەسھابۇلكەھب تۇيۇقتا دەپ ئېتىقاد قىلىش توغرا ئەمەس، مۇنداق ئېتىقاد قىلغۇچىلار بولسا، خۇددى فىرئەۋن، نەمرۇد، ھامان، قارۇن ۋە ئۇلاردىن باشقا كاپىرلارغا ئوخشاشلا دوزاخقا كىرىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلىنغان بۇ جاينىڭ قايسى تارىخىي دەۋردە قانداق سەۋەب بىلەن «ئەسھابۇلكەھب» ئاتىلىپ قالغانلىقى ھېچكىمگە مەلۇم ئەمەس ئىدى. ھەر خىل سىياسىي سۇيىقەستچىلەر، دىنىي نەيرەڭۋازلار تەرىپىدىن «يېرىم بەيتۇلمۇقەددەس» دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېتىلگەن بۇ جاي — ئەقىل چىرىغى ئۆچۈرۈۋېتىلگەن نادان خەلقنىڭ مۇقەددەس تاۋابگاھى ئىدى. قاتمۇ - قات ئازاب - كۈلپەت تاغلىرى ئاستىدا يەنجىلگەن جاپاكەش خەلق پۈتۈن يىللىق مېھنەت ھوسۇلىنىڭ كۆپ قىسمىنى سەدىقە قىلىش بەدىلىگە بۇ غارنى بېسىپ ياتقان «ئەسھابۇلكەھب» ئىسىملىك ئۇلۇغزاتتىن خەيرىخاھلىق، باشپاناھلىق، نىجادلىق تىلەيتتى. بۇ يەرنىڭ تەييار تاپ شەيخ، ھارامزادە چىراغچىلىرى — بىچارە خەلقنىڭ پېغانلىق ياشلىرىدىن ھاسىل بولغان قانلىق دېڭىزدا بەھوزۇر يايراپ، سەمىرىپ كەتكەن يىرتقۇچ لەھەڭلەرنىڭ دەل ئۆزى ئىدى! ئۇلار ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى بىر - بىرىدىن سەت - بەدھەيبەتلاي بۇت، تاش بۇت، تۆمۈر بۇتلارغا ماكان بولۇپ كەلگەن بۇ كىچىككىنە غارنى خۇدانىڭ كالامىدا زىكرى قىلىنغان «ئەسھابۇلكەھب غارى» قىلىپ پەدازلاش ئۈچۈن، ھەر كۈنى ھەر ياڭزا ئەپسانىلەرنى توقۇپ چىقىشاتتى. بۇ جاينىڭ ھەققىي سىرىنى مۇكەممەل ئىلمىي دەلىللەر بىلەن ئېچىپ تاشلىغۇچى دانىشمەنلەرنىڭ ھاياتلىق يىلتىزىغا پالتا چاپاتتى. تىكلىۋېلىنغىنىغا 50 يىل توشمىغان «قۇيرۇقلۇق مازار غوجام» نىڭ سىرىنى ئېچىش شۇنچە ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى تەۋەللۇت قىلغان يەردە، بۇ جاينىڭ ھەققىي سىرى ھەققىدە سۆز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟

بۇ يەرگە كېلىدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ مەقسەت - مۇددىئاسى تاۋاب قىلىش، ساۋاب تېپىش ئىدى. ئۇلار ئاتىغانلىرىنى سەدىقە قىلاتتى - دە، دۇئا - تىلاۋەتلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىنلا كېتىپ قالاتتى. بۇ يەرنىڭ داشقايناقلىرىنى سېغىنىپ كېلىدىغان گال ئاۋارىلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئۇلار خالىغانچە داشقايناق ئىچىپ، ئۇدۇل كەلگەن يەردە ئېغناپ يېتىش بىلەن كۈننى كەچ قىلغىنىغا خۇش ئىدى. بەزىلەرنىڭ كېلىش غەرىزى بىزنىڭ خوجابەگنىڭكىدەك ئىدى.

«ماختانغىلى يات يەر ياخشى» دېگەن گەپنى يادىدا چىڭ ساقلىغان ياش ساختىپەز — خوجابەگ — قەشقەر تەۋەسىدىن ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۆزىنى «سەئىدزادە خوجا ئىشان» دەپ رەسمىي جاكارلىدى. ئۇ مىنگەن نار تۆگىنىڭ بويىنغا ئېسىلغان ئالتۇن كولدۇرمىلار بۇ جاكانىڭ زۇۋانلىق گۇۋاھچىسى ۋە تەرغىباتچىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىنغانىدى،

www.uyghurkitap.com

ئۇ مارالبېشىدا يەتكۈچىلىك ئارىلىقتىلا ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىنى 35 كە يەتكۈزدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە سېرىق پاختا يىپىدىن توقۇلغان يېپىنچىسى مەللە تون كەيگۈزدى. يورغا ئىشەكلەرگە مىنگەن ئۇزۇن كۆڭلەك، يوغان سەللىلىك قوشۇن خىلمۇ - خىل توغ ئەلەملەرنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. داپ - دۇمباق، ناغرا - سۇنايلىقلىرى مەخسۇس ھارۋىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. بۇ سۆلەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك قوشۇن يۇرت - مەھەللىلەرنىڭ بايلىقىنى ئەجدىھادەك دەم تارتىپ ماڭاتتى:

— ھەزرىتى ئاپپاق خوجامنىڭ ئارزۇلۇق نەسلى-خوجا ئىشان خوجام ھەر بىرىڭلارنىڭ بەخت - سائادىتىنى دەپ، ئەسھابۇلكەھەب قەبرىگاھىغا راۋان بولماقتا، — تەشۋىق قىلاتتى مۇرىت - مۇخلىسلار ئۆز خوجىسىنى ئىلاھلاشتۇرۇپ، — بۇ ئۇلۇغزاتنىڭ نەزەرىگە يولۇقۇش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەڭلار، دۇئايىبەتكە كېتىپ قېلىش خەۋپىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار!

خوجابەگ ئۆز يولىدىكى يۇرت - مەھەللىلەرنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئالدىنئالا يولغا سېلىۋېتىلگەن ھېلىقى «سودىگەر» لەر ئارقىلىق بىلىپ تۇراتتى. مەلۇم يۇرتقا كېلىپ، بىر مەيدان مەدداھلىق قىلغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈرۈش ئالدىدا سورۇن ئەھلىدىن سورايتتى:

— ئەي خۇدانىڭ مۆمىن بەندىلىرى، جاناب رەسۇلۇللانىڭ ئىخلاسمەن ئۈممەتلىرى، يۇرتۇڭلاردا 100 ياشتىن ئاشقان توققۇز ئەر، 13 مەزلۇم بار، بىلەمسىلەر؟

ئۆز يۇرتىغا ئەمدىلا ئاياغ باسقان بۇ ئۇلۇغزاتنىڭ كارامىتىگە ھەيران قالغان سورۇن ئەھلى بىر ھازاغىچە زۇۋان سۈرەلمەي قالاتتى.

— يۇرتۇڭلاردىكى مۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ مۇنچە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىلەر؟ دۇرۇس، سىلەر بىلمەيسىلەر. چۈشۈمدە زاھىر بولغان ئالامەتلەردىن قارىغاندا، يۇرتۇڭلارنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى قەدىمكى قەبرىستاننىڭ شىمالىدىكى توغراقلىقتا مىڭ ياشلىق توغراقتىن بىرى بار. جىمى ھېكمەت ۋە مۆجىزە ئەنە شۇ توغراقنىڭ قوينىدىكى ئەڭگۈشتەردە.

سورۇن ئەھلى تەۋرەيتتى، قېرى توغراق قوينىدىكى «ئەڭگۈشتەر» نى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى.

— تەخىر قىلىڭلار، — دەپ ئاگاھلاندۇراتتى خوجا ئىشان، — بۇ ئەڭگۈشتەرنى رامىزاننىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى ناماز بامداتتىن بۇرۇن ياكى روزى ھېيت، قۇربان ھېيت كۈنلىرى ھېيت نامىزى مەزگىلىدە كۆرۈشكە بولىدۇ.

يۇرت كاتتىلىرىدىن بىر نەچچىسى بۇ «ئەڭگۈشتەر» نىڭ ئۆز ئىلكىدە بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. بەزى كېسەلمەن كىشىلەر ئۇنىڭ خاسىيىتى بىلەن شىپا تېپىپ، ساقىيىپ كېتىشكە ئالدىرايتتى. بەزىلەر ئىشان خوجام سۆزىنىڭ راست-يالغانلىقىنى بىلىشكە قىزىقاتتى. شۇ كېچىنى ئۇلار قېرى توغراق ئەتراپىدا تالاش-تارتىش، جېدەل-ماجىرا بىلەن ئۆتكۈزەتتى. تاپقان «ئەڭگۈشتەرى» رەڭلىرى ئۆچۈپ، ئوقۇغۇسىز ھالغا يەتكەن بىر كىتاب بولۇپ چىقاتتى. ئۇلار ئەجەل ۋەھىمىسى ئىچىدە بۇ ۋەقەنى ئاشكارا قىلاتتى.

— چۈشۈمدە ئايان بولغان بىشارەتلەردىن قارىغاندا، — تەھدىت تەلەپپۇزى ئارقىلىق ئەزرائىلنىڭ قارا كۆلەڭگۈسىنى خەلقنىڭ كۆزىگە كۆرسىتەتتى خوجا ئىشان، — بۇ كىتاب خۇدانىڭ مەرھەمىتى ئىدى. بىمەھەل قول تەگكۈزگەنلىكىڭلارنىڭ كاساپىتىدىن پۈتۈكلەر ئۆچۈپتۇ. دېمەك، نۇر ۋە نۇسرەت يۇرتتىن كۆچۈپتۇ.

«گۇناھكارلار» تىزلىناتتى، ئاھ ئۇراتتى، يۇرت ئەھلى يالۋۇراتتى:

— بىزنى بۇ ئازاب-كۈلپەتتىن خالاس ئەتسىلە، خوجام.

خوجا ئىشاننىڭ جاۋابى بىر ئېغىزلا ئىدى:

— سەدىقە بالانى يەر، تۇۋا گۇناھنى.

خوجا ئىشان ئىككىنچى يۇرت تەۋەسىدە ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى قېتىملىق مەدداھلىق سورۇنىدا باشقىچە بىر سوئالنى ئوتتۇرىغا قوياتتى:

— ئەي غاپىللار، گۇناھكار بەندىلەر، يۇرتۇڭلاردا ئۆلۈم-يېتىم، ئاغرىق-سىلاق نېمانچە كۆپ؟ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسىلەر؟

سورۇن ئەھلى بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشىنەتتى، لېكىن ئۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە سۆزلەشكە ئامالسىز ئىدى.

— چۈشۈمدە ئايان بولغان بىشارەتلەرگە قارىغاندا، — خوجا ئىشان خېلىغىچە كۆز يۇمغاندىن كېيىن داۋاملاشتۇراتتى، — ھۆرمەتلىك ئىماملار، ئىبلىسنىڭ قولى ئارقىلىق كۆمۈلگەن قانداقتۇر بىر ھارام مەخلۇقنىڭ ئۇستىخىنى ئۈستىگە سەجدە قىلىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن نامىزىڭلار راۋا ئەمەس، تىلەكلىرىڭلار ئىجابەت ئەمەس. سىلەر ئۆلۈم-يېتىم، ئاغرىق-سىلاق، بەختسىزلىكلەردىن خالىي ئەمەس.

كىشىلەر جامە مېھرابى ئاستىدىن بۆرىنىڭ ياكى ئىتنىڭ قۇيرۇقى ياكى ئېشەكنىڭ پايخىنىنى تاپاتتى. «بالا-قازادىن خالاس بولغان» خەلقلەر بۇ ئاجايىپ كارامەت ئىگىسىنىڭ دۇئاسىنى ئېلىشقا ئالدىرايتتى.

خوجا ئىشان بىر يۇرتنىڭ مەلۇم بازىرىدا خىزىر ئەلەيھىسسالامنىڭ خىسلەتلىك ھاسىسى بارلىقىنى ئېيتسا، يەنە بىر يۇرتنىڭ بەلگىلىك جايىدا ھەزرىتى ئەلى مىنگەن دۇلدۇلنىڭ بىر جۈپ تاقىسى بارلىقىنى ئېيتاتتى. ئىزدەپ كەلگەن كىشىلەر راستىنلا غەلىتە ھاسا، ئاجايىپ يوغان تاقىلارنى تاپاتتى. ئالتۇن كولدۇرمىلىق ئىشاننىڭ شان-شۆھرىتى كۈنسېرى ئۆسەتتى.

جۇلجۇل كىيىملىك يالىڭاياغ قەلەندەرگە پۇچۇق نان بېرىشنى ئېغىر ئالىدىغان نى-نى پىخسىقلارمۇ شۆھرىتى ئالەمنى بىر ئالغان، سۆلىتىنى ھاۋا تارتالمايدىغان بۇ دەبدەبىلىك تىلەمچىلەر ئالدىغا پەتنۇس-پەتنۇسلاپ ئاق تەڭگە تۆكۈشكە مەجبۇر ئىدى. چۈنكى، بۇ ئالدامچىلار ئۆز خوجىسىنى جەننەتكە يول خېتى كەسكۈچى پەۋقۇلئاددە تولۇق ھوقۇقلۇق پەرىشتە، ئۆزلىرىنى بولسا، جەننەتنىڭ دەرۋازىۋەنلىرى قىياپىتىدە تەسۋىرلەيتتى. جەننەتنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتى بىلەن ئالداپ، دوزاقنىڭ ئازاب-مۇشەققەتلىرى بىلەن قورقىتاتتى. يارامىلىق ئاتقا مىنىپ كېتىۋاتقان بىرەر سادda ئىنساننى ئۇچراتقان ھامان سىيىت دەرۋىش ئۈنلۈك سورايتتى:

— مۆھتىرەم سەئىدزادە ھەزرەتلىرى، بۈگۈن كېچە چۈشلىرىدە ئايان بولغان ئالتۇن قاناتلىق دۇلدۇل مۇشۇ ئەمەسمىكىن؟

— قولىقىدىن تارتىپ، قۇيرۇقىغىچە دەل ئۆزى شۇ!



— ئەي مال ئىگىسى، ئاڭلىدىڭمۇ؟ — خىتاب قىلاتتى سىيىت دەرۋىش، — بۇ جانىۋار سەئىدزادە ھەزرەتلىرىنىڭ نەزەرىگە يولۇقتى. بۇ — ساڭا كەلگەن ئامەت. دەرھال سەدىقە قىلىپ، دۇئاسىنى ئال. دىلغۇلدا بولما، ئىككىلەنمە، دۇئا يېنىپ كېتىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلە!

— بول، دۇئاسىنى ئال! — دەپ تەھلىكە سالاتتى ئوتتۇز نەچچە دەرۋىش، — پۇشايماننى

ئالغىلى قاچا تاپالماي قالمىغىن يەنە.

مال ئىگىسى نېمە قىلاردىنى بىلەلمەي قالاتتى. خوجا ئىشان دۇئاغا قول كۆتۈرەتتى:

— روزى مەھشەر كۈنلىرى ئاسمان ئوتتىن، زېمىن چوغدىن بولغاندا، جاناب ئىمام ھەسەن - ئىمام ھۈسەيىنلەرنى جېنىدىن جۇدا قىلغان كەربالا دەشتىنىڭ ئاتەشلىرى ھەلقۇمىڭىزدىن بوغۇپ، نەپەس ئېلىش لەززىتىدىن مەھرۇم قىلغاندا . . .

ئوتتۇز نەچچە دەرۋىش يوقىرىقى ۋەقە - ھادىسىلەرنى دەل مۇشۇ مىنۇتتا ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇشۇۋاتقاندەك تىۋا - ئىستىغبار قىلىشىپ تۇراتتى. خوجا ئىشان داۋاملاشتۇراتتى:

— قىلىچتىن ئۆتكۈر، قىلدىن ئىنچىكە پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئامالسىز بولۇپ تۇرغىنىڭدا، كەمىنە سەئىدزادىگە نەزىر قىلىنغان ئۇشبۇ جانىۋار سېنى تامۇنىڭ غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتىكى ۋەيلۇن دوزاخ تەكتىگە چۈشۈپ كېتىش قىسمىتىدىن ئامان - ئېسەن ساقلاپ، جەننەتۇل پىردەۋسنىڭ نازۇنېمەتلىك قۇچىقىغا ئۇدۇللا ئېلىپ كىرىپ كەتكەي، ئىلاھا ئامىن!

— ئامىن - ئامىن! — دەپ تەكشى قول كۆتۈرەتتى ئوتتۇز نەچچە دەرۋىش. مال ئىگىسى ئۆز جانىۋاردىنى ئىختىيارسىز سەدىقە قىلىشقا مەجبۇر ئىدى. ئۇنداق قىلمايدىكەن، يەتتە كۈن ئىچىدە بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىماي قالمايتتى. (خوجا ئىشاننىڭ يوشۇرۇن قەست قىلغۇچى مەخسۇس ئادەملىرى ئۆز خوجىسىنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش، يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قاتىللىق قىلىشتىنمۇ يانمايتتى.) تىلەمچىلەر قوشۇنى يۇرت كەزگەنسېرى تولۇقلىنىپ، كېڭىيىپ، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك تۈس ئالاتتى. خوجا ئىشان دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە، سەرلەپ ئالتۇن، جىگلاپ كۈمۈش، جۇپلەپ ئات - تۆگە ھەققىدە ئېغىز ئاچاتتى.

ئالتۇن ۋە ئالتۇن جابدۇقلاردىن غەيرىي ئولجىلارنىڭ كۆپچىلىكىنى ئۆز ئەگەشكۈچىلىرىدگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى. شۇڭلاشقا ئۇ «ئەسھابۇلكەھەب» قەبرىگاھىغا يېتىپ كەلگەندە، ئەگەشكۈچىلىرى 100 دىن ئېشىپ كەتكەنىدى. خوجا ئىشان يولبويى تاپقان - تەرگەنلىرىدىنىڭ بىر قىسمىنى بۇ يەرنىڭ شەيخلىرىگە سوۋغا قىلدى.

— مۆھتىرەم بوۋىڭىز ھىدايىتۇللا ئىشان خوجىمۇ بۇ مۇقەددەس جايىنى تاۋاب قىلىپ كەتكەن، — خوجايىنلارچە كىبىرى بىلەن قارشى ئالدى ئۇلار، — بىر مەزگىل زىيارەت ۋە تىلاۋەتتە بولۇشىڭىزغا ئىجازەت.

«ئەسھابۇلكەھەب»نىڭ شەيخلىرى مول تەجرىبىلىك مۇغەمبەرلەردىن ئىدى. ھەرقانداق كىشىنىڭ بۇ يەردە ئىززەت - ئىناۋەت تېپىپ كېتىشىگە، ئۆز مەنپەئىتىگە تەھدىت بولۇۋېلىشىغا يول قويمايتتى. ئۇلار خوجا ئىشان مۇرىتلىرى ئىچىگە ئۆز ئادەملىرىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق بۇلارنىڭ غەرەز - قەستىنى بىلىۋالدى - دە، تەقىپ ئاستىغا ئالدى. ئۆچ - ئاداۋەت ئۇلغايدى، كالتەك - چوماقلار ھەرىكەتكە كەلدى. مۇرىت - مۇخلىسلىرىنىڭ بىر قىسمىدىن ئايرىلىپ قالغان خوجا ئىشان قۇمۇل تەرەپكە مېڭىپ، شامەخسۇت چىڭۋاڭنىڭ ئايىغىغا باش قويۇشقا مەجبۇر بولدى:

— ئەي ئالەمپاناھ چىڭۋاڭ ئاتا، مۆھتىرەم بوۋام ھىدايىتۇللا ئىشان خوجام ئۇشبۇ قۇمۇل دىيارىدا تۇغۇلغان، جانابىلىرىنىڭ شانۇشەۋكەتلىك ئەجدادلىرىنىڭ چەكسىز خەيرىخاھلىق ۋە ئاتىدارچىلىقىنىڭ سايىسىدە ئۆسۈپ كامالەتكە يەتكەن. شۇ مۆھتىرەم زاتىنىڭ نەسلى بولمىش كەمىنە قۇللىرىمۇ شۇنداق خەيرىخاھلىق ۋە ئاتىدارچىلىققا مۇھتاجدۇر.

— بوۋىڭىز ھىدايىتۇللا ئىشان خوجا

www.uyghurkitap.com

پۈتۈن تەڭرىتاغ ۋادىسىنى غالدان قۇنتەيجىنىڭ ئالقىنىغا سېلىپ بېرىش بەدىلىگە ئاباخ خوجىلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن، — دېدى شامەخسۇت چىڭگۇاڭ ئالاھىدە ھۆرمەت تەلەپپۇزى بىلەن، — ھازىر مېنىڭ بېشىممۇ ساق ئەمەس. تۆمۈر ئىسىملىك قورايلىق ياغاچچى سەلتەنەتلىك تەختىمگە تەھدىت سېلىۋاتىدۇ، ھاياتىمغا تەھدىت سېلىۋاتىدۇ. ئۆز ئابرويىڭىز ۋە تەسىرىڭىز ئارقىلىق پۈتۈن قۇمۇل تەۋەسىدىكى بەش شەھەر، ئون ئىككى تاغنى يېڭىباشتىن ئالقىنىمغا كىرگۈزۈۋېلىشىمغا ياردەم بېرەلىسىڭىز...

— پۈتۈن كۈچ - قۇدرىتىم ۋە ئەقىل - پاراسىتىمنى تەسەررۇپ ئەيلىگەيمەن. بارلىق مۇرىت - مۇخلىسلىرىمنى بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئورۇنداشقا سەپەرۋەر قىلغايمەن، چىڭگاڭ خوجام.

— مۇرىت - مۇخلىسلىرىڭىزنى قانچىلىك كۆپەيتسىڭىز شۇنچە ياخشى. ئۇلارنىڭ بارلىق خەج - خىراجىتى ئوردىدىن، — سېخى ئالقىنىنى كەڭ ئېچىۋەتتى قېيىن ئەھۋالدا قالغان شامەخسۇت، — قېنى، ئىشقا كىرىشىڭ!

خوجا ئىشان «ئەسھابۇلكەھب» قەۋرىگاھىنى نەچچە يىل تاۋاپ قىلىپ، ھەددى - ھېسابسىز ساۋابقا ئېرىشكەن ئۇلۇغزات، ئەۋلىيالىق مۇقامىغا يەتكەن سەئىدزادە سۈپىتىدە مەدداھلىق سورۇنىنى ئىگىلىدى. يەتمىش - سەكسەن مۇرىت ھۆكمەت ئېيتىپ، جەرە سېلىپ، ئۆز خوجىسى ئەتراپىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىپ بولغىچە، نەچچە يۈز تاڭلىغۇچى — تاماشىبىن مەيدانىغا تولاتتى. مۇرىتلار ئاجايىپ - غارايىپ جەڭنامىلەرنىڭ بىرەر بۆلۈكى ئاياغلاشمىش بىلەن تەڭ «ياللا، ياھەزرەت، يا رەھىم، يا راززاق» دەپ يىغا - زارە قىلىشىپ كېتەتتى. خوجا ئىشان دۇئاغا قول كۆتۈرگەندە، شاھ - سۇلتانلارغا ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنۇشنىڭ «ۋاجىپ»، قارشى تىغ

كۆتۈرۈشنىڭ «ئېغىر گۇناھ» ئىكەنلىكىنى قايتا - قايتا شەرھلەيتتى. قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قاتناشقان پەرزەنت ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى نەسىھەت ئارقىلىق تاغدىن قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ «ساۋابى» ھەققىدە گەپ ساتاتتى. ئۇنىڭ قوزغىلاڭچىلار ئىچىگە ئاشكارا - يوشۇرۇن ھالدا كىرگۈزگەن مۇرىت - مۇخلىسلىرىمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇلار زىچ بىرلەشكەن خەلق قوزغىلاڭچىلىرى قوشۇنىنى بۆلۈش - پارچىلاش، ئومۇمىيۈزلۈك سۈلھە تەلەپ قىلىش پىكىر ئېقىمى پەيدا قىلىش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش بىلەنلا قالماستىن، ئۆز خوجايىنلىرىغا مەخپىي مەلۇمات يەتكۈزۈپ تۇراتتى.

سەلتەنەتلىك خەلق قوزغىلىڭىنى قانلىق باستۇرۇشتا تېگىشلىك خىزمەت كۆرسەتكەن خوجا ئىشان ئۆزى تاما قىلغاندەك ئىلتىپاتقا ئېرىشەلمەي قالدى.

— مالمانچىلىقلار تۈپەيلىدىن خەزىنىمىز قۇرۇقدىلىپ قالغاچقا، سىزنى تولۇق رازى قىلالمىدىم، — دېدى شامەخسۇت چوڭ لىپاپىنى ئۇزىتىپ، — ئۇنتۇلماس تۆھپىلىرىڭىز ئۈچۈن مەكتۇپتە ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈلدى. جاڭجۇڭ ئالىيلىرىنىڭ شاھانە ئىلتىپاتىغا مۇشەررەپ بولغايسەن.

چەكسىز ئۈمىد ۋە چوڭ تاما بىلەن ئۈرۈمچىگە كەلگەن خوجا ئىشان كۆپ قېتىملىق ئۇرۇنۇشلاردىن كېيىن جاللات ياڭ زېڭشىنىڭ قانلىق تاپىنىغا يۈزىنى يېقىش بەختىگە مۇيەسسەر بولدى. ئۆز تۆھپىسىنى قانچىلىك مۇبالىغە قىلالىسام، شۇنچە ئۇرغۇن ئىنئامغا ئېرىشىمەن دەپ خام خىيال قىلغان خوجا ئىشان بۇ يەردىمۇ دېيەرلىك ئىلتىپاتقا ئېرىشەلمىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى «غەلىبە مېۋىسى»گە ھېچكىمنى يېقىن يولاتمايدىغان تەكەببۇر ياڭزېڭشىنغا ياقمىغانىدى.

يولا قەلەم بىلەن بىر نېمىلەرنى يازدى-دە، خوجا ئىشانغا تۇزاتتى:

— بۇنى قەشقەردىكى ماتىتەيگە تاپشۇرسالا، كاتتا ئىنئام ئالىسەن.

خوجا ئىشان ئۈستۈرلۈك دەۋرىدە، دۆلەت قۇشى كىمنىڭ بېشىغا قونسا، شۇ كىشى ئۆلگەن پادىشاھنىڭ تاجۇتەختىگە ئىگە بولىدىغان ۋەقە تەسۋىرلەنگەن چۆچەكنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان ۋە «شۇ دۆلەتتە بولۇپ قالسام، ئەشۇ قۇش مېنىڭ بېشىمغا قونسا . . .» دېگەن ئوي-خىيالدىمۇ بولغانىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ قولىدا ياڭ جاڭجۈڭ ئالىيلىرىنىڭ خېتى، ياق، ئالىي ئەمىر - پەرمانى تۇرۇپتۇ. دۆلەت قۇشى قونغان دېگەن شۇ ئەمەسمۇ؟

## باشپاناھسىز قول

پەيشەنبە — قەشقەر شەھىرىدە بازار بولىدىغان كۈن. توپ - توپ قارا بۇلۇتلار شەھەر سېپىلى ئۈستىدە لەيلەپ يۈرەتتى. يۇرت-يۇرتتىن كەلگەن بازارچىلار بەش چوڭ دەرۋازا ئارقىلىق شەھەرگە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. ھەزرەت تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاسمان پەلەك چاڭ - توزان كەلكۈنى ھەممىنى ھەيران قالدۇرماقتا، تەشۋىشكە سالماقتا ئىدى:

«نېمە كارامەتتۇ بۇ؟» ئاچچىق چاڭ - توزانلار كەلكۈنى ئىچىدە شاۋقۇن - سۈرەن بىلەن كېلىۋاتقانلار خوجا ئىشان ۋە ئۇنىڭ مۇرىت - مۇخلىسلىرى ئىدى. سەپ ئالدىدا ئالتۇن كولدۇرمىلىق نار تۆگىگە مىنگەن خوجا ئىشان، ئارقىسىدا يۈز ئەللىكتەك سوپى - دەرۋىش. ھەر بىر سوپى - دەرۋىشنىڭ قولىدا بىردىن قەپەز، قوشۇقلۇق ياكى ئۈستىگە تور يېپىلغان سېۋەت، ھەر بىر قەپەز-سېۋەتتە ئون - ئونبەش ئاق قۇشقاچ. سوپى-دەرۋىشلەر بىلەن ئەگەشكۈچى ئاممىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىرايلىق بېزەلگەن ۋە ئالدى تەرىپىگە پەردە تارتىلغان ئۈچ دانە مەپە. سوپى-دەرۋىشلەر قەپەز-سېۋەتلەرنى بىر دەم باشتىن ئېگىز كۆتۈرسە، بىر دەم ئوڭ - سولغا ئايلاندۇراتتى. تۇرۇپ - تۇرۇپ قەپەز - سېۋەتلەر بىلەن بىللە چۆگىلەپ جەرە سالاتتى:

ھەزرىتى تىتەي جاناب، ھۇم،
يارلىقى ئايەتكە باب، ھۇم.
بۇ ئۇلۇغزات باشپاناھ، ھۇم،
بولمىسا ئەل- يۇرت خاراپ، ھۇم.
بولمىسۇن ئەل بەختىگە، ھۇم،
بۇ جاناب بىمار - بىتاپ، ھۇم.
ئەيلىدۇق تەكبىر - دۇئا، ھۇم،
قىبلىگە ھەر ئان قاراپ، ھۇم.
ھەزرىتى تىتەيگە خاس، ھۇم،
بۇ دۇئا - تەكبىر، ساۋاب، ھۇم.
شۆھرىتى ھاتەم كەبى، ھۇم،
ئەلئارا كەتسۇن تاراپ، ھۇم.
ھۆۋى ئاللا، ھۇم...

ياڭ زېڭشىنىڭ «ئالىي يارلىقى»نى ئېلىپ، مۇرىت - مۇخلىسلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، زور داغدۇغا بىلەن يولغا چىققان خوجا ئىشان، قەشقەرگە يېقىنلاشقاندا، توپ - توپ كىشىلەرنىڭ بۇ ئەزىزانە يۇرت تەۋەسىدىن قېچىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

— تولۇم چاشقان — ماتىتەي ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، — دەپ شىكايەت قىلىشتى بۇ باشپاناھسىز سەرگەردانلار، — ھاياتلىق كېمىمىزنى تەۋەككۇل دەرياسىغا سېلىپ، رىزقى-نېسىۋىمىز چېچىلغان تەرەپكە قاراپ ئاقماقتىن بۆلەك ئامالىمىز قالمىدى!

ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى. ئالۋاڭ-ياساق، باج - سېلىقلار ھەددىدىن زىيادە كۆپ ۋە ئېغىر ئىدى. ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ

www.uyghurkitap.com

بولالمايۋاتقان خەلق ئۈستىگە موم سېتىۋېلىش مەجبۇرىيىتى تېڭىلدى. موم ماتىتەيىنىڭ زاۋۇتىدا ئىشلەپچىقىرىلاتتى ۋە پۈتۈن كىرىمى ئۇنىڭ يانچۇقىغا كىرەتتى. موزدۇز - ياماقچىدىن تارتىپ، ئاشپەز - ناۋاي، تۆمۈرچى - مىسكەرگىچە ھەتتا ئىگە - چاقىسىز تۇل خوتۇن، قارىغۇ تىلەمچىگىچە ھەممە كىشى موم سېتىۋېلىشقا، يەنە كېلىپ، ھەر ئايدا سېتىۋېلىشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرەلمەيۋاتقان خەلقنىڭ شىللىسىغا «قۇشقاچ ئالۋىڭى» ئىسىملىك غەلىتە يۈك يۈكلەندى. «قۇشقاچ ئېگىسى جىنسىي زەئىپلىككە داۋا» دەپ ئاڭلىغان ھايۋان تەبىئەتلىك ماتىتەي ئىنسانىيەت ئالەمى ئاڭلاپ باقمىغان بۇ ئالۋاڭنى خەلققە تاڭغانىدى. بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلالمىغان بىر تالاي كىشىلەرنى مال - بىساتىدىن، پۇت - قولىدىن ھەتتا جېنىدىن جۇدا قىلغانىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان خوجا ئىشاننىڭ ئىچ - ئىچىدە شەيتان قۇترىغانىدى. بۈگۈن ماتىتەيگە بولغان ساداقىتىنى نامايىش قىلماقچى، ياڭ زىڭشىنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ، ئالاھىدە ئىلتىپات ۋە ئىمتىيازغا ئېرىشمەكچى ئىدى.

كوچىغا پاتماي قالغان سوپى - دەرۋىشلەر ئوردا ئالدىنى چاڭ - توزانغا كۆمۈۋەتكەنىدىن كېيىن دوتەي يامۇل تەرەپكە قايرىلدى. نار تۆگىنى خىزمەتكار مۇرىتىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، كۆمۈش قەپەز كۆتۈرگەن ھالدا پىيادە كېلىۋاتقان خوجا ئىشان قوراللىق مۇھاپىزەتچىلەر قورشاۋى ئاستىدىكى قارا دەرۋازىدىن ئۆتۈپ، سەيناغا كىردى. ئۇنىڭ كەينىدىن قەپەز - سېۋەت كۆتۈرگەن سوپى - دەرۋىشلەر بىلەن ياسىداق ئۈچ مەپە. سوپى - دەرۋىشلەر بار ئاۋازى بىلەن جەرە سېلىپ، سەۋدايىلارچە پىرقىراماقتا، يامۇل سەيناسىنى چاڭ - توزان قاپلىغىنىغا پەرق قىلماقتا ئىدى. سوغۇق تەلەت، تەكەببۇر ماتىتەي ئوردا پەلەمپىيى ئۈستىدە پەيدا بولدى. قاش - قاپاق، كۆز چاناق، ساقال - بۇرۇتلىرى توپا - تۇپراق ئاستىدا قالغان ئەرۋاھسىمان بۇ ئادەملەرگە مەسخىرىلىك تىكىلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ماتىتەي ھەزرەتلىرى، — سەجدە قىلغاندەك ئېگىلدى خوجا ئىشان.



— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ماتىتەي ھەزرەتلىرى، — جىمى دەرۋىشلەر تەڭ ئېگىلدى، قەپەز - سېۋەتلەر ئېگىز كۆتۈرۈلدى. خوجا ئىشان نەزمە باشلىدى:

ھەزرىتى ئىتتەي جاناب،
ھۆكمىڭىز ئايەتكە باپ.
بىزنى، ئەي شەپقەتچىمىز،
قىلغىلى كەلدۇق تاۋاپ.

پۈتۈن سوپى - دەرۋىشلەر بۇ ئىمانسىزلىق ئىنقىرار نامىسىنىڭ ھەر بىر مىسراسىغا «ھۇۋۋى ئاللا، ھۇ»نى قېتىپ، جەرە سېلىشقا باشلىدي.

ئۇلار قاتتىق يەرگە پېتىپ تۇرغان تىزلىرىنى يۆتكىمەستىن ھەر يانغا تولغىناتتى، قەپەز - سېۋەتلەرنى گاھ ئېگىز كۆتۈرەتتى، گاھ ئۆز ئەتراپىدا ئايلاندۇراتتى.

— خوش، نېمە گەپ؟ — ئورۇق ئېنەكنىڭ يېلىنىدەك خالتىلىشىپ كەتكەن قاپاقلىرى ئاستىدا قالغان كىچىككىنە كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر تارقاتتى ماتتەي.

— ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئىخلاسمەن مۇرىت - مۇخلىسلىرىم بىلەن بىرلىكتە ئەسھابۇلكەھەب قەۋرىگاھىدا ئىستىقامەتتە، شامەخسۇت چىڭۋاڭ ئالىيلىرى بىلەن ياڭ زىڭشىن جاڭجۈڭ ئالىيلىرى ھوزۇرىدا خىزمەتتە بولۇپ كەلگەنىدىم. جاناب ئالىيلىرىنىڭ مېھىر - شەپقەت ئاپتىپىدا نۇرلىنىپ تۇرغان ئەزىزانە قەشقەر دىيارىغا قەدەم قويغاندىن كېيىنلا قۇشقاچ تۇتۇش ھەققىدىكى ئەمىر - پەرمانلىرىدىن ۋاقىپ بولدۇم. چەكسىز ساداقەت ۋە شەرتسىز ئىتائەت كەمىرىنى مەھكەم باغلاپ، ئاياغلىرى ئاستىدا ئېگىلىپ تۇرغان كەمىنە قۇللىرىنىڭ ئەرزىمەس سوۋغىسىنى قوبۇل قىلغايلا، — كۈمۈش قەپەزنى ئۇنىڭ قارا سايىسى چۈشۈپ تۇرغان پەلەمپەينىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا قويدى. جىمى قەپەز، سېۋەت قوشۇقلۇقلار ئۈستى - ئۈستىلەپ تىزىلدى، — جاناب ئالىيلىرىنىڭ تەن سەھەتلىكى ۋە ھوزۇرى - بىزنىڭ بەختىمىز ۋە مۇرادىمىزدۇر. جانابلىرىنىڭ كۆڭۈل خۇشلۇقى ئۈچۈن...، — خوجا ئىشان يادەك ئېگىلگەن بېلىنى تولغاپ، مەپىلەر تەرەپكە ئىشارە قىلدى. ھەر مەپىدىن ئاق پەرەنجىلىك ئىككى خوتۇن بىلەن ئوتقاشتەك قىزىل دۇردۇنغا ئورالغان بىر قىز چۈشتى. ئالتە خوتۇن ئۈچ قىزنى يۆلەپ سۆرەپ يۈرۈپ، ماتتەينىڭ ئالدىغىراق ئېلىپ كەلدى:

— بۇ ئەرزىمەس سوۋغىمىز جاناپ ئالىيلىرىغا مەزۇر بولسا ....، — خوجا ئىشان نارىسىدە قىزلارنىڭ يۈزىنى بىر - بىرلەپ ئېچىشقا باشلىدى. دۇئا قىلىش، ئالداش، تەھدىت سېلىش، مەجبۇرلاش ۋاستىلىرى ئارقىلىق قولغا كىرگۈزۈۋېلىنغان بۇ مەسۇمە دېھقان قىزلىرى ئۆزلىرىنى قانچىلىك ئېغىر قىسمەتلەرنىڭ كۈتۈپ تۇرغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى، ئەلۋەتتە. ئېڭەكلىرى خالتىلىشىپ كەتكەن بەدرەڭ مەخلۇقنىڭ چىرايىغا كۈلكە ياماشتى. «جانلىق سوۋغا»لارنى مەخسۇس ھوجرىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشارىتىنى قىلىۋەتكەندىن كېيىن سورىدى:

— خوش، ئۆزۈڭ كىم؟ نېمە تەلىپىڭ بار؟

خوجايىنىنىڭ كىچىككىنە كۈلۈمسىرىشىدىن چەكسىز ئۈمىدلەنگەن بۇ مالاي بىچارىلىق - ناتاۋانلىقىنى دەرھال ئۇنتۇغانىدى:

— بۈيۈك خانتەڭرى ۋادىسىنى ئۆزىگە قاراتقان، پۈتۈن ئىسلامىيەت دۇنياسىغا شان - شەۋكىتىنى تاراتقان، ھەزرەت تەۋەسىدە ئاسمانپەلەك گۈمبەزنى قۇچاقلاپ ياتقان ئاباق خوجا ئۇنۋانلىق ئۇلۇغزات ئەۋلادىدۇرمەن ...

ئۇنىڭ تەكەببۇرلۇقى، مەمەدانلىقىنى ياقتۇرمىغان ماتتەينىڭ چىرايىدا كۈلكىنىڭ ئەسەرى قالمىغانىدى. «پۇقرالىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلار - قىلماي تۇرۇپلا يېتىۋالغان چېلىقىنى ئۇنىڭ!»

— مال - دۇنيا، مەنسەپ - ئەمەل دېگەنلەرگە نەزەر - كۆزىنى سالمايدىغان، پانىي دۇنيانىڭ راھەت - پاراغەتلىرىگە ھەۋەس قىلمايدىغان تەركىي دۇنيا دەرۋىش مەن. مۇھتەرەم بوۋىلىرىمنىڭ مۇبارەك ئىزلىرىنى تاۋاپ قىلىپ، چىرىقىنى ياندۇرۇپ ئۆتمەكتىن غەيرىي مۇددىئايىم يوق.

— ياخشى مۇددىئا، — تەستىقلىدى ماتىتەي.

— مۇبادا، جاناب ئالىيلىرى ئۆز خىزمىتىگە مۇناسىپ تاپسا ۋە مەرھەمەت قىلسا...

ماتىتەي خېلى بۇرۇنلا «ئالتۇن كولدۇرمىلىق ئىشان كېلىۋېتىپتۇ، مۇرىت - مۇخلىسلىرى كۆپ، مال - دۇنياسى ھەددى - ھېسابسىز ئىكەن» دەپ ئاڭلىغانىدى. بۈگۈن سالام - تازىمغا كىرىدىغانلىقىدىنمۇ خەۋەر تاپقان، بىراق مىڭ سەر ئالتۇن تاما قىلمىغانىدى. بۈگۈنكى سوۋغىلار ئۇنىڭ نەزىرىدە ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى. شۇڭلاشقا سوغۇققىنە جاۋاب بەردى:

— شاھانە ئوردىدىن قەبرىگاھىنى، شاھ خىزمىتىدىن ئىستىقامەتنى ئەلا بىلىدىغان بىر تەركىي دۇنيا دەرۋىش ئۈچۈن ئەڭ مۇقەددەس جاي — يەنىلا تىلاۋەتخانىدۇر.

خوجا ئىشاننىڭ تاما خالتىسىغا تاش - تۇپراق تولغانىدى. «ۋۇ، قېرى قاقباش! — دەپ غۇدۇرىدى ئىچىدە، — شۇنچە ئىخلاس - ئەقىدەمگە بەرگەن جاۋابىڭ شۇمۇ تېخى؟ ياڭجاڭجۈك ئالىيلىرىنىڭ مەخسۇس مەكتۇبىنى كۆرمىگۈچە ھوشۇڭنى تاپمايدىكەنسەن-دە!»

مەخسۇس مەكتۇپ، خوجا ئىشاننىڭ نەزىرىدە، چاقناپ تۇرغان گۆھەر ئىدى. بۇنى كۆرگەن ماتىتەينىڭ يۇمۇق كۆزلىرى ئالا چەكمەن بولۇپ كېتەتتى. «ئەپۇ قىلىڭ، سەئىدزادە، شەيتىنىم سىزنى كىچىك كۆرسىتىپ قويۇپتۇ، — دەپ يالۋۇراتتى ئۇ، — خالىسىڭىز، يېنىمدا قېلىڭ، پىقىرغا باش مەسلىھەتچى بولۇڭ؛ ئەقىل ئۆگىتىپ تۇرۇڭ...» بىراق، بۇ «گۆھەر»نى كۆرۈپ چىققان ماتىتەينىڭ چىرايىدا مەنسىتمەسلىكتەك غەيرىي ئالامەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۆزىنى «مۇستەقىل خاقان» ھېسابلايدىغان ئەكەبىيۇر ماتىتەي ھۆكۈمرانلىق تەختى تەۋرەپ قالغان ئۈرۈمچى جاڭجۈڭنىڭ بىر پارچە قۇرۇق خېتىگە پەرۋاھ قىلىپ كەتمەيتتى، ئەلۋەتتە.

قەھرىلىك چاقماق قاتمۇ-قات بۇلۇت كۆكسىنى يېرىپ ئۆتتى. ھەيۋەتلىك گۈلدۈرماما ساداسى ئاسمان ئۆلكىسىنىڭ بىپايان سۇ ئامبىرىنى چاك - چېكىدىن بۆسۈۋەتتى.

— كېتىمەن، — دېدى ئالدىراپ قالغان ماتىتەي، — لازىم تېپىلغاندا چاقىرتىمەن.

ئىززەت - ئابرويى يەكسان قىلىنغان خوجا ئىشان دېمىسە بولمايدىغان مۇھىم گېپى ئەمدىلا يادىغا كەلگەندەك، ئالدىغا تەمشەلگەنىدى، شىتىكلىك مىلتىق تۇتقان مۇھاپىزەتچىلەر توسىۋالدى:

— يەنە نېمىگە قاراپ تۇردىسەن؟ قايت! — ئۆزىنى دالدىغا ئېلىۋالغان دەرۋىشلەرگە ۋارقىرىدى، — ھەر قايسىڭنىڭ پاناھلىنىدىغان يېرى ئەمەس بۇ، قايتىش!

— خوجام، يېغىۋاتقان يامغۇرنى كۆرۈۋاتقانلا؟

— كونا گۇمبەز، پۇچۇق شامگۇرلىرىڭنى تېپىشىۋالامسەن تېزرەك!

يولۋاستەك ھەيۋە بىلەن ئوۋغا چىقىپ، ئېچىرقاپ ھالى قالمىغان نىمجان تۈلكىدەك قايتقان خوجا ئىشان ئۇزاق كېچىلەرنى ئۇيقۇ - ئارامسىز ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. زىققا كېسەللى ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەن بىمارىدەك ھاسىرايتتى، تولغىناتتى، ئويلىناتتى:

«ئاھ، باش - پاناھسىز قۇل ھالغا چۈشۈپ قالدىمغۇ مەن؟ يېقىنلاشقىلى، ئىشەنچىسىگە، خەيرى - خاھلىقىغا ئېرىشكىلى بولماسمۇ ئۇ قېرى قاقباشنىڭ؟ ساتالمىغان ئاق - قارا موملىرىدىن ئىككى - ئۈچ مىڭ تۇۋاق سېتىۋالامچۇ؟ ...»

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

www.uyghurkitap.com

# رۇبائىيلار

**موللا مۆمىن**

شەك قىلما، «ئۇ ئالەم»تەشۋىشى بىكار،
بۇ دۇنيا شەۋقىنى ئەتكىن ئىختىيار.
بىز بالا، ئۇ ئاتا («ياراتقان» دېگەن)،
ئاتىسى بالىنى ئۇرغان نەدە بار؟

* * *

قولۇمدا كالا مۇل، ئاغزىمدا سۇرە،
ئاللاھقا تېۋىنىپ تۇرىمەن ئۆرە.
ياتقىنىم، قوپقىنىم — ھەممىسى گۇناھ،
ساۋابچۇ، بۇرادەر ھالىمنى كۆرە!...

* * *

ئىمام مېنى «كاپىر» دەيدىكەن،
ۋەجى: ئىچكەن شاراب-مەيدىكەن.
ئىچسە كاپىر، يېسىچۇ، تەۋۋا،
«ھالال-ھارام» دېمەي يەيدىكەن؟

* * *

ئۆلۈككە تۆھمەت ياش قاتىسەن موللام،①
پىدىيىگە ئۆزۈڭنى ئاتىسەن موللام.
سوراقچى پەرىشتە ئەخمەقمۇ شۇنچە،
نېمىشقا ئىمانىنى ساتىسەن موللام؟

* * *

ئەي ھاجى، ئايلىنىپ چىقتىڭ جاھاننى،
راستىلىقتىن بىر گەپ قىل، يەشكىن گۇماننى.
رەسۇلنىڭ يۇرتىدا يۈكسىلىش قانچە،
ئەرەبلەر نېمىدە ئۆلچەر «ئىمان»نى؟

* * *

«ئا، بىگە قاملاشماس، ئەي نادان، تىلىڭ،
شۇڭلاشقا قازاننىڭ تېگىدەك دىلىڭ.

ھالىڭ شۇ ۋە لېكىن مەسچىت خۇمارسەن،
ئويلاپ باق: بۇ ھالدا گۈللەرمۇ ئېلىڭ؟

* * *

پەلسەپىگە ئېيتالماي تەپسىر،
جۈپ سانلاردىن ئاشۇرۇپ كەسىر،
نەۋاقىچە يۈرىمىز ئاداش،
خۇراپاتقا بولۇپ ئەل-ئەسىر؟

* * *

دېمىگىن ھەر ئىشنى «تەقدىر- ئىرادە»،
ئىنساننىڭ ئىدراكى ئاندىن زىيادە.
ئىشانغا قول بەرسەڭ ئېتىمدۇ ئېشەك،
ئۇ مىنەر ئۈستۈڭگە، ئۆزۈڭ پىيادە.

* * *

كۆزنى ئاچ بۇرادەر ئىمكان ساڭا يار،
پۇرسىتىڭ غەنىمەت- تېنىڭدە مادار.
ھېلىھەم يۈرەمسەن مازار ئارىلاپ،
ھوشىنى تاپ، تىرىكلەر ئارىسىغا بار!

* * *

بىلمىسەڭ ئۆگەنگىن، مەلۇم بولىدۇ،
ئۆگەنگەن، چۈشەنگەن ئالىم بولىدۇ.
بىلىپ قوي: كىمكى بولسا گەر نادان،
تەقدىرگە قول، ئۆزىگە زالىم بولىدۇ.

* * *


مەي ئىچتىم ھەييامنىڭ قولى- جامىدىن،
سۆزلىدىم قۇرلاردا ئۇنىڭ نامىدىن.
—ئايرىدىن — دېدى ئۇ، —بولايلى ئىلپەت،
رەنج كۆرۈپ يۈرمەيسەن غەپلەت دامىدىن.

---

① ئىسلام دىنىنىڭ ئايرىم مەزھەپلىرىدىكى، ئۆلگەن كىشىنىڭ يېشىنى قەستەن ئاشۇرۇپ ھېسابلاپ، ھەر بىر ياش ئۈچۈن مەلۇم مىقداردا پىدىيە ئالىدىغان، مۇشۇ ئارقىلىق ھايات ۋاقتىدا ئۆتكۈزگەن «گۇناھ»نى سېتىۋالىدىغان خۇراپىي ئادەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com


# كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي ئوچېركلىرى



نىزامىدىن ھۈسەيىن

## 3 - سەنئەت تۈرى ۋە سەنئەت شەكىللىرى

بىز مۇناسىۋەتلىك تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، سەئىددىيەلەر ئالتۇن دەۋرىنىڭ سەنئەت تۈرى، شەكىللىرىنى ماھىيەت جەھەتتىن بىر پۈتۈن مىللىي خاسلىققا ياتىدىغان، تارماق — تەركىب لىنىيىلىرى ئىنتايىن كەڭ ۋە كۆپ خىللىق تۈر، شەكىللەر ئىدى دەپ قارايمىز. بۇ خىل شەكلى مىللىي خاسلىق، مېنىڭچە — كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئىسلام تۇرمۇشى ۋە ئىسلام چۈشەنچىسى بىر قەدەر قويۇق سىڭگەن، ئىجتىمائىي مىللىي مەدەنىيەت، مىللىي ئاڭ، شەكىل، پسىخىك ھالەت، غورۇر، ئارزۇ . . . يېتەرلىك ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، زامان، ماكان، ئىجتىمائىي تەرەققىيات، تۈزۈم روھى دەۋرى قىلىنغان ۋە بۇ خىل ھالەتلەر ئۆز ئارا زىچ بىرىكىپ، سىڭىشىپ ئالاھىدە مەۋجۇدلۇق ھاسىل قىلغان پاك مىللىي خاسلىقتۇر. ئەگەر دە تارىختىكى ھەر خىل ئالاقىلەر، ھادىسە، سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شۇ زامانلاردىكى سەنئىتىمىزنىڭ تۈر، شەكىللىرىدىكى شەرقىي ئاسىيا ياكى باشقا جايلارنىڭ جۈملىدىن ئەرەب، پارس، ھىندى، تاڭغۇت، موڭغۇل، خەنزۇ، مانجۇ ۋە باشقىلارنىڭ سەنئەت تۈر، شەكىللىرى ياكى بۇ خىل تۈر، شەكىللەرنىڭ تەسىرلىرىمۇ ئارىلاشقاندۇ . . . دېگۈچىلەر بولسا، (مېنىڭچە بىزگە ئۇ چاغلاردا ئەرەب، پارس . . . لارنىڭ بەزى تىل، تۇرمۇش، دىنىي ئادەت . . . لىرى شەكلەن تەسىر سۈپىتىدە يۇقۇندى بولۇپ كىرگەنلىكى راست) بىز ئۇلارغا: بۇ خىل تەسىرلەر پەقەت بىر ئەزىم دەرياغا باشقا دەريا، ئېقىنلاردىن بىر نەچچە قاچا سۇنىڭ قوشۇلۇپ كەتكىنىدەكلا شەكلەن تەسىرلەر ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتمە قىلىمىز. ھەتتاكى شۇ زامان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ خىل شەكىل، تەسىرلەرنى مىللىي سەنئەت تۈر، شەكىللىرىمىزنىڭ تەقلىدچىلىك ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن شۈمۈرۈۋېلىپ پايدىلانغانلىقىنىمۇ ئىنتايىن قىممەتلىك ئىجابىي ھالەت ياكى بىباھا سەنئەت ئىستىلى ئىدى* دەپ تونۇيمىز. چۈنكى بۇ خىل شۈمۈرۈۋېلىش تارىخىمىزدا ھېچقاچان بېقىنىش خاراكتېرىدە ئەمەس بەلكى بېقىندۇرۇش — (ئۆزلەشتۈرۈۋېلىش) ئاساسىدا داۋام




* بېشى ئۆتكەن سانلاردا

ئەتكۈزۈلگىنى ئۇچۇن ئۇنى خاسلىققا تەگكەن داغ ھېسابىدىن ئەمەس بەلكى خاسلىققا قوشۇلغان زىننەت، قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق ھېسابىدىن ئالقىشلاش، قەدىرلەش — شۇ زامان دەۋرىيروھىنىڭ مۇقەررەر ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك بۇ يەردە مۇقەررەر خۇلاسە شۇكى، ئۇ چاغلاردىكى ئۇيغۇر مىللىي سەنئىتىنىڭ تۈر، شەكىللىرى خۇددى پروفېسسور يولداش جاۋسۇڭگۇاڭ تەسۋىرلىگەندەك: ئۇ قەدىمىي غەربىي دىيار سەنئىتىنىڭ ئۇقۇل داۋامى بولۇپ، ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە سەنئەت ئىدى. ئۇ شەرقىي ئاسىيا سەنئەت سىستېمىسىغىمۇ، ياۋروپا سەنئەت سىستېمىسىغىمۇ ئوخشىمايتتى . . . ئۇ سەنئەت ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ھىندىستان، پارس، ئەرەب، شىمالدىكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەتلەر ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەنزۇلار مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايتتى. ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل گەۋدە ھاسىل قىلىپ دۇنيا مەدەنىيىتىگە ئۆزگىچە تۆھپە قوشقان . . . («شىنجاڭ ئەدەبىيات — سەنئەت خەۋىرى» 1986 - يىل 1 - سان 46—47 - بەتلەر) سەنئەتنىڭ تۈر، شەكىللىرى ئىدى . . .

بىز بۇ سەنئەتنىڭ تۈرى ۋە شەكىللىرى دېگىنىمىزدە: بىر پۈتۈن مىللىي سەنئەتنىڭ ئىككى چوڭ تۈر — (ئېقىن)دىنى يەنى 1 - قەلەمىي سەنئەت ياكى يېزىق، سىزىق مەنبە قىلىنىدىغان سەنئەت تۈردىنى، 2 - قەلەمسىز سەنئەت ياكى يېزىق، سىزىق مەنبە قىلىنمايدىغان خەلق سەنئىتى تۈردىنى ۋە مۇشۇ تۈرلەرنى چۆرىدىگەن سانسىزلىغان سەنئەت شەكىللىرىنى كۆزدە تۇتىمىز. تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە: قەلەم سەنئىتى تۈرىنىڭ شۇ چاغلاردىكى رەسمىي ئىجتىمائىي ئاممىۋىلاشقان تەركىبىگە ئومۇمەن سەھنە، ئەمەدانلاشتۇرۇلغان ئاپتورلۇق سەھنە ئويۇنلىرى — يەنى كۈي - ناخشا، كونسېرت، مۇزىكا، ئەلشاد — (ئومۇممخور)، داغدۇغ — (گېمەن)، ئولام ياكى ئولامچىلىق — (خەۋەرلەندۈرۈش، جار سېلىش خورى)، مەشرەپ، مۇتەيۋە — (سەھنە ئېيتىشۋازلىقى) . . . لەر — (بەزى ماتېرىياللاردا 99 خىل دەپ تەرىپلەنگەن)نى تولاراق مەنبە قىلغان، كۆپ خىللىق شەكىللەر بىرلىكلىرى بىلەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان زامان شەكىللىرى — (مەلۇم سىياسىي، ئىجتىمائىي تۈزۈملەرگە بېقىنغان سەنئەت شەكىللىرى) كىرەتتى. بۇ خىل سەنئەت تۈرىنىمۇ يەنىلا مۇنۇ تۆت چوڭ ئۆزگىچە شەكىلگە يەنى بىر - بىرىدىن ئۇرغۇن ھالەتلىك تارماق شەكىللەر بىلەن شەكلەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان شەكىللەرگە تۈرلەندۈرۈشكە بولاتتى. بۇ تۆت خىل ئۆزگىچە شەكىل: ① سەھنە — ئەمەدان سەنئەت شەكىللىرى ياكى ئۆملۈك سەنئەت شەكىللىرى، ② ئوردا - مەھكىمىلەر ياكى ئەھلىي سەلتەنەتچىلەر سەنئەت شەكىللىرى، ③ دىنىي سەنئەت ياكى دىنىي ھەمدۇ - سانا سەنئەت شەكىللىرى، ④ داستانچىلىق ياكى مەدداھلىق — (ئاقما - كۆچمە) سەنئەت شەكىللىرىدۇر. بۇنىڭ ئالدىنقى ئىككى خىلى 16 - ئەسىردىن ھازىرغىچە ئۆلىنىپ كېلىۋاتقان — مۇزىكا، سۆز — (تېكىست)، ئاھاڭ، ھەرىكەت — (ئاساسەن ئۇسسۇل)دىن ئىبارەت تۆت تەركىبلىك ھالەت بىرلىكىدە قىياپەتلىنىدىغان، گىرىم ۋە سۆلەت تۈزەش ھاجەت بولغان ۋە مۇكەممەل مىللىي شەكىللەر خاسلىقى بىلەن دۇنياۋى ئىلمىي سەنئەت ئۇستۇنلۇكىدە شۆھرەتلىنىپ كەلگەن ئەڭ تۈپ شەكىللەردۇر. 3 - خىل سەنئەت شەكىللىرى بولسا مەلۇم دىنىي كۈچلەر بولۇپمۇ شۇ زاماندىكى تەسەۋۋۇپ كۈچلىرىگىلا خاس، ئىجتىمائىيەت ئۇچۇن سەلبىيلىك ماھىيىتى ئېغىرراق، ئىپتىدائىي ئىدىئالىستىك ئەبجەش سەنئەت شەكىللىرىگە ياندىشقان بىر خىل سەنئەت

شەكىللىرىدۇر. بۇ شەكىل — ئاساسەن مەلۇم بىرەر باشلامچىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئىبادەت ئۇقۇمىدا ئويۇشتۇرۇلىدىغان سۆز — (ھۆكمەت)، ھەرىكەت — (ساما . . .) بىلەنلا تۈس ئالىدىغان، دىنىي ئورۇنلار، ئۆيلەر ھەتتا ئوچۇقچىلىقتا ئورۇنلىنىدىغان بولغىنى ئۈچۈن ئالدىنقى ئىككى خىل سەنئەت شەكىللىرىدىكە ياكى مۇزىكا، ئۇسسۇل، سۆز، ئاھاڭ بىرىككەن سەنئەت شەكىللىرىگە ياندىشالمايدىغان، كېيىنكى چاغلار ئۈچۈن غەلىتىلىك ئالاھىدىلىكى بىلەن سورۇنسىز — (قەدىرسىز)لىشىۋاتقان، بىر خىل ئىسكەتسىز سەنئەت شەكىللىرىدۇر. 4 - خىل سەنئەت شەكىللىرى بولسا — يۇقىرىدىقى شەكىللەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان «تەييارغا ئەييار»، «نەخقە—نەق»، ئەڭ كۆڭۈللۈك ۋە ئەڭ ئاممىۋى، ئىجراچىلىرى جەلپداش، ئەل- يۇرت — (مەھەللىۋى) سەنئەت شەكىللىرىدۇر. بۇ خىل سەنئەت شەكىللىرىنىڭ تەقلىدىي داۋامى ھازىرغىچىلىكمۇ خەلقىمىز ئارىسىدا «ۋەزخانلىق ياكى مەدداھلىق»، «كوچا نەغمىسى»، «جان نەغمە»، «تىلەم نەغمىسى»، «نەخ نەغمە» . . . دېگەندەك ناملار بىلەن ساقلىنىپ كەلمەكتە. ساماۋەر، ئاشخانا، مېھمانخانىلار...دىمۇ بۇخىل نەغمىلەرنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى ھېلىھەم دائىم ئۇچرىتىپ تۇرماقتىمىز.

▷+++++++ «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار»دىن ◁+++++++

.........................
ئاقار ئۆرلەپ يىراقلارغا،
راۋانى قوش ئىرۇر نەغمە.
يارالغاندا يېپىشقاندۇر،
مۇجەزلەر ھەمرىيى نەغمە.
.........................
چۈمەنزاردىن، باياۋاندىن —
بېيىك① ئاتلاپ كېتۇر نەغمە.

ساراي، ئايۋان، ئېتىز، خامان—
باياني مىڭ ئىرۇر نەغمە.
.........................
جاھاندا تەگدىشى يوقتۇر،
قۇياشتەك بىغۇبار نەغمە.
شىپادۇر ھەممە دىللارغا،
بۇ ئەلنىڭ خەزىنىسى نەغمە.
— «ئاي چاغ كويلىرى»دىن ②

تېماتىك زۆرۈردىيەتلەر تۈپەيلىدىن تەرىپاتىمىزدىكى شەكىللەرنىڭ بەزىبىر مىسالى تەركىبلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

**سەھنە — ئەمەدان سەنئەت شەكلىگە ئائىت بەزىبىر مەنبەلىك مىساللار**

شۇ زامانلار خاسىيىتى بىلەن ئىجادىي يېڭىلىق سۈپىتىدە جەمئىيەتلەشكەن يېڭى سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ئەڭ يىرىك مىسالى تەركىبلىرىدىن بىرى—سەھنە—ئەمەدان سەنئەت شەكلىدۇر. بەزىبىر سەنئەت تەتقىقاتچىلىرى بۇخىل سەنئەت شەكلىنى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي سەھنە—ئەمەدان سەنئىتىنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇقەددىمىسى ياكى يېڭىلىنىش باسقۇچىنىڭ ئاردىلىق بېكىتى ئىدى دەپ قاراشماقتا. مېنىڭچىمۇشۇنداق. دەرۋەقە بۇ ئاردىلىق— ئىجتىمائىي ئەقىل، ئىدراك، مۇھەببەت، ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ئازادلىقى،بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ

① بېيىك — ئېگىز - ئېگىز تاغلار مەنىسىدە. ② «ئاي چاغ كويلىرى» — ئاي چاغ — كۆڭۈللۈك شۇ زامان ئوخشاتمىلىقى بىشارەت قىلىنغان بۇ كويلەر — (قوشاق، غەزەللەر) شۇ زامانلاردىن بىزگىچە شەكلىنى يېڭىلاپ مەزمۇنىنى يوقاتماي، ئۇلىنىپ كەلگەن تارىخىي قوشاقلاردۇر. مىسالىمىزدىكى بۇ قوشاقلارنى مەن 1951- يىلى قارا قۇرۇمنىڭ ئازغانسال دارىسىدىكى پىرىخۇن ھەسەيدىن باقشىنىڭ قولىدا ساقلىنىپ تۇرغان «سەيدە خانلار» ناملىق خەلق داستانىنىڭ «ئاي چاغ كويلىرى» قىسمىدىن كۆچۈرۈۋالغان ئىدىم. — مۇئەللىپ.

ئىجتىمائىي تەقدىرى، ھۆرلۈكى، تەڭلىكى، مەدەنىيە، تەربىيە، ئىنسان غورۇرى، ھەللىمي ئالاھ، ئۈمىد - ئارزۇلار...ھەققىدىكى ئىجابىي تېمىلار ئوچۇق يورۇتۇلغان، سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي رولى، دەبدەبىسى، كۈچى بىر قەدەر جارى قىلدۇرۇلغان، سەنئەت ئىدىيىسى، سەنئەت كۈچلىرى ۋە ھامىيلىق سەنئەت مۇئەللىپلىرى بىلەن سەنئەت كوللېكتىپلىرى — (بىرلىكلىرى)، تۈرلۈك كونا زامان دىنىي خۇراپات، توسالغۇلاردىن خالاس قىلىنغان، بېيىغان، بىرقەدەر يېڭىلانغان پۇرسەت ئارىلىقتۇر. شۇڭا بۇ ئارىلىقنى ھازىرقى زامان سەھنە سەنئىتىمىزنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى بىر ئۇلانما — (يېڭىلىنىش) مۇقەددىمىسى دېيىشكىمۇ ھەقلىقمىز. ئەلۋەتتە. شۇ زامانىنىڭ سەنئەت يادنامە تەۋەررۈكلىرىدىن بىرى بولغان «ئۇششاق» سەھنە سەنئەت شەكلى بۇ قارىشىمىزنىڭ ئەمەلىي دەلىلىدۇر.

«ئۇششاق» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، مۇھەببەت دېگەن مەنىدە. بۇ سۆز سۇلتان ئابدۇرەشىتخان زامانىدىن بۇيانقى سەنئەت تىلىمىزنىڭ لۇغەت تەركىبىدە بىرگە مەنسۇپلىشىپ ياكى ئۆزگىرىپ تۇرۇپتۇ. «سۆيگۈ» نىڭ ئورنىنى ئالغان بۇ ئاتالغۇنىڭ ئەسلى مەنە دائىرىسىنىڭ قانچىلىك كەڭلىكىنى ھازىرغىچە بىلىپ كۆرگىنىمىز يوق. بىراق بۇ ئاتالغۇدىن «ئۇششاق» توغرىسىدا بىرگە مۇنداق بىر خاتىرە يېتىپ كەلگەن: «...مۇسۇلمانلىقتا كۆپۈرانە— ناشايان قىلىقلار، ساز، نەغمە - ناۋالار، كۈلكە — ئەپسانە قىلىقلار...قەتئىي تەرك ئېتىشابلانغان زامانلارنىڭ بىرى ئېردى. پىر - ياران - ئۇلۇغلارنىڭ پايى - قەدەملىرى تېخى يەتمىگەن، دۇئا - نەپەسلىرى تەسىرى پۇرسەت تاپمىغان ئۇلۇغ ئېقىن بويلىرىدىكى يەر باشى سەھراسىدا شاھ تاتارلىق ① چوكان سېكىلەك - خاتۇن ئامەتلىرى ئاسمانغا ئۆرلەپ شاھى رەشىدىل ئەزىم ② بىلەن 40 كېچە - كۈندۈز كۆپرانە- ناشايان «ئۇششاق»بىدئەتلىكى سادىر ئەتتىلەر... شاھى ئالەم شادلىقى خالايىققا ئالقىش ئەتمەك ۋاجىبلىنىپ، بىدئەتلىك قىلىنىدىغان تەرسائى بەندىلەرنىڭ سانى ئېشىپ، نوخالىرى ئۆرلەپ، ئاشكارا ئۇششاق قىلماققا تۇتۇندىلەر...بۇ ئىش ئادەت بولۇپ يايىلدىلەر...شاھى ئالەم چوكان خاتۇنى بىرلە 40 كېنىزەك، 40 ئەللامە، سىپاھ ھەمراھ ئەيلەپ كۆكيەر، يۇلبۇرىسى ③ ئوردىگاھلىرىدا ④ ئۇششاق رەققاسلىرى، شادلىق كۆرسەتتىلەر...تاراتتىلەر، بۇ چاغلار تارىخقا توققۇزيۈز ئەللىك يەتتە رەجەپ، شەئبان ⑤ ئىدىلەر...» — («سەئىدنامە» پارچە قولىيازما 6 - بەت) ⑥.

بىرگە مەلۇمكى، دەرۋەقە كونا ئىسلامىيەت پرىنسىپلىرىدا مۇسۇلمانلار خۇدايى ئىرىكچىلىكتە سۈننەت بۇيرۇلمىغان ياكى ۋاجىب قىلىنمىغان غەيرىي ئىبادەت ۋاسىتىلىرىدىن، شەكىللىرىدىن — (ھەرخىل سەنئەت چالغۇلىرى، سەنئەت گىرىملىرى، سەنئەت كىيىم - كېچەكلىرى، سەنئەت سورۇنلىرى، سەنئەت تىل، يېزىق، قىلىقلىرى، سەنئەت بۇيۇملىرى...) يىراق — خالىي

---

① شاھ تاتار— مەكىتنىڭ ھازىرقى قومۇش مەھەللە كەنتى. ② رەشىدىل شاھى ئەزىم—سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ بىرخىل سۈپەت نامى يەنى بەزىبىر دىندار تارىخچىلار قويغان سۈپەت ئىسىم. ③ كۆكيەر، يۇلبۇرىسى — قاغىلىقتىكى ھازىرقى كۆكيار، يۈۋس كەنتلىرىنىڭ نامى. ④ ئوردىگاھ — ھەربىي گازارما. ⑤ رەجەپ، شەئبان — 7 - ، 8 - ئايلار. ⑥ «سەئىدنامە» — سەئىد ئاسىپ ۋاخانى — (ئېھتىمال ۋاخان تاجىكى بولسا كېرەك — ئا) ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ كۆچۈرمە ئاپتورلۇقىدا 1911 - يىللىرى ئەتراپىدا كۆچۈرۈپ كۆپەيتىلگەن پارچە رىسالە. ئىششانلار تارىخىمۇ ياكى سەئىدلەر تارىخىمۇ ئۇنىسى ھازىرچە نامەلۇم.

تۇرۇشلىرى تەكشۈرۈلگەن ياكى قەيت قىلىنغانلىقى بەرھەقتۇر. ئەمما سۇلتان ئابدۇرەشىتخان ئىسلامىيەتنىڭ 10 - ئەسىرلەردىكى بۇ ئۇقۇملىرىدىن 16- ئەسىر دەۋرى شارائىتى بويىچە چەتنەپ، غورۇرى غالىبلىقى بىلەن مىلادى 1550 - يىلى 7 - ، 8 - ئايلاردا تەسەۋۋۇپ كويىلىرىنىڭ دىققەت ئېتىباردىن يىراقراق، ئۆز نىڭ ئوردىگاھلىرىغا يېقىنراق، ئەڭ پاك، ھاۋالىق، باغ - چىمەنلەر كانى، چېچەن، قەلبى پاك، زېرەك ئاھالىلەر ئاردىسى- ئۇلۇغ ئېقىن بويىدىكى يارباش — (قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ ھازىرقى ئۇلۇغ دەريا يەنى ئۇلۇغ ئۆستەڭ ۋادىسىدىكى يار بېشى سەھراسى) تا 26 ياشلىق مەھبۇبى مەلىكە، سازەندە ئامانىسا — (مەكىت شاھ تاتارلىق يەنى ھازىرقى قومۇش مەھەللىلىك) خېنىم بىلەن (ئابدۇرەشىتخان ئۇ چاغلاردا 39 ياشلاردا ئىدى — ئا) جايلىشىپ ئوششاقلىق بىلەن مەشغۇل بولغان، ئىشقى ئويۇن، ئىجادىيەت پەيزىنى سۈرگەن. ئېنىقراق ئېيتقاندا بۇ جايىنى يازلىق ئارامگاھ قىلىپ مەلىكە ئامانىسانىڭ ئوششاق ئۇسۇلى — (مۇھەببەت ئۇسۇلى) ۋە ئۇنى چۆرىدىگەن سەككىز ئۇسۇل پەردىسى، ئوششاق نەغمىسى ھەم ئۇنىڭ يەتتە نېقراتلىق ساز قىسمى، ئوششاق ئەلنەغمىسى — (سەھنە كونسېرتلىرى) ۋە ئۇنىڭ بىر نەچچە خىل ئۇسسۇل شەكىللىرى ئىجاد قىلىشىغا ۋە ئۇنى جەمئىيەتلەشتۈرۈشكە — (سەھنە — ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە) ئىلھام- مەدەت بەرگەن، يېتەكلىگەن. خۇددى «ئاي چاغ كۈيلىرى» دا تەسۋىرلەنگەندەك:

... قىرىق قىز قىرىق خىل قىلىق ناز بىلەن،
قىزىرىپ قارداشلار قىرىق كۈلەپ كۈلگەن،
قىرىق سۆز، قىرىق ئۈن، قىرىق ساز بىلەن،
قىرىق پەرلىق قەدىردان قېدىرى① بىلەن

..........................................

دېگەندەك ھالەت بولغان. شۇنداقلا خۇددى ئۇيغۇر موللا ئىسمەتۇللا مۆجىزىنىڭ 1854 - يىلى يازغان «تەۋارىخ مۇسقىيۇن» — (مۇزىكىلار تارىخى) دېگەن ئەسىرىدە قەيت قىلىنىشىدەك شۇ قېتىملىق ئاراملىقتا مەلىكە ئامانىسا خېنىم بىر قىسىم مۇزىكا ئەسىرىنىڭ باش ئورنىدىكىنى شۇ جايدا ئىشلىگەن:

..........................................

كىشى كەلدى جاھانغا كۆردى تەگىمىزلىك بالاسىنى،
خۇداۋەندە قوبۇل قىلغىن پەقىرلەر ئىلتىجاسىنى.
چىمەندە گۇل ئېچىلغاندا قىلۇر بۇلبۇل نىچۈك تاقەت،
شۇ چاغ بۇلبۇل تۇرالمۇ جاراڭلاتماي ناۋاسىنى.

ئادالەت بىرلە دۇنيادا ھۆكۈم سۈرسە ئۇلۇغ خىسلەت،
شۇڭا ئەل باش پاناھ دەرلەر دىيارىم پادىشاھىنى.
ھەقىقەت ھەم ئادالەتنىڭ ئۇلۇغ سەردارىنى يادلاپ،
نەفىسە ② چالدى شۈكرانە قىلىپ بۇ پەنجىگاھىنى.

«تەۋارىخ مۇسقىيۇن»دا مۇنداق دېيىلىدۇ: «... مەلىكە ئامانىسا خېنىم سۇلتان ئابدۇرەشىتخاننىڭ خانىشى ئىدى. ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يىگانە شائىرەسى بولۇپ «دىۋان نەفىسى» — (نەفىسە شېئىرلىرى توپلانمىسى) ناملىق شېئىردىن بىر كىتاب يازغانىدى. خەتتاتلىقتا ئۇستۇن ماھارەتلىك ئىگە ئىدى. مۇزىكا ئىلمىدىمۇ شۇنداق كامالەت ئىگىسى ئىدىكى، سۇلتان ئۇنىڭغا تاقەتسىز ئاشىق ۋە ئىختىيار شەيدا بولغانىدى...» ...«خۇدايى تائالا بۇ قىزغا شۇنداق ئەقىل- پاراسەت ئاتا قىلغانىدىكى ... «دىۋان نەفىسى»نى يازدى. خوتۇن - قىزلارغا نەسىھەت قىلىش مەزمۇنىدا «ئەخلاقىي جەمىلە» — (گۈزەل ئەخلاق) ناملىق بىر كىتاب يازدى. «شۇرۇھۇل قۇلۇپ» — (قەلبلەر شەرھى) ناملىق بىر رىسالە يازدى.

① قېدىرخان يەركەندى كۆزدە تۇتۇلغان. ② «نەفىسە» — ئامانىسا خانىنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى ياكى سۈپەت نامى بولسا كېرەك — ئا.

شائىرەلىك، نەغمىچىلىك، خەتتاتلىق توغرىسىدا بۈنىگىدەك مەنىلىك كىتاب ئاز. «ئىشرەت ئەنئە-
گىز، ئاملىق بىر مۇقامنىمۇ بۇ مەلىكە ئىجاد قىلغانىدى... 34 يېشىدا تۇغۇتتا ۋاپات بول-
غان...» («ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىن تېزىس» 140 - بەت).

ئەپسۇسكى، شۇ زامان جاھالەت كۈچلىرىنىڭ ئوردا ئىشلىرىدا ياماشقان ۋەكىل گورۇھلىرى
ياكى تەرسا «پىر - ئالى» تەسىردارلارنىڭ پىتنە - خۇسۇمەتلىرىدىن ھەزەر ئەيلەش، ساقلى-
نىش زۆرۈرىيىتى بىلەن بۇ خىل ئەمگەكلەرنىڭ مۇئەللىپلىك شەرىپى سۇلتان ئابدۇرەشىتخان
نامى بىلەن شۆھرەتلەنگەن — (ئاتالغان) ئىدى. ئەڭ ئەپسۇسلۇق يەنە بىر ئىش شۇكى، سەئى-
دىيلەر نەسەبلىرىگە مەنسۇپسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر مۇزىكا
سەنئىتىنىڭ شۇ چاغلاردىكى داھى ئىجادچىلىرى — ئامانىساخان، قېدىرخان، مەھمۇد ئاكا...
لارنىڭ ئاشۇ تارىختىكى ئىجادىي تۆھپىلىرى سەئىدىيلەر تارىخچىلىرى تەرىپىدىن تۈزۈكىرەك
شەرھىيلەنمىگەن ياكى ئىجادىي ئېتىباردىن چەتتىرەك قالدۇرۇلغانىدى. خەلقىمىز ئۆزىنىڭ
تارىخىنى تارىخقا ئۇلاپ رىۋايەت شەكلى بىلەن ئەجدادلارغا ئىز - سىلىپ تۇرۇشتەك پىسخىك
خۇسۇسىيەتلىرىدە بۇ خىل قىممەتلىك تارىخنىڭ ئىزىنى يوقىتىپ قويغىنى يوق. بۈگۈنگىچە
ھازىرچە بىرلا مىسال شۇكى، شۇ چاغلاردا يۇقىرىقى زاتلار بىر ياز ئېھتىيات ئارامگاھى قىلغان
جاي — «ئۇلۇغ ئېقىن يەر باشى»نى(بەزىلەر كېيىنكى چاغلاردا «ديار بېشى» دەپ خاتا تەلەپپۇز
قىلىپ ئادەتلەنگەن — ئا) ھازىرغىچىلىكمۇ ھازىرقى زامان سەھنە ئەلنەغمىسى — (سەھنە مۇزىكا ئو-
مۇمىي خورى، سەھنە ئۇسسۇل دېبدەبىلىرى ھەم سەھنە سەنئەت نامايىشلىرى...)نىڭ ئىپتى-
دائىي مۇقەددىمىلىرى ياكى يېڭىلانغان مۇقەددىمىلىرى ھېسابلىنىدىغان «ئۇشىشاق» باشتىلا- تۈنجى
قېتىم ئىجاد قىلىنغان جاينى تارىختىكى ئورۇن شەرىپى بىلەن «ئۇشىشاقباش» — (ئۇششاق-
چىلىق باشلانغان جاي مەنىسىدە) نامى بىلەن ئاتاپ، يادلىنىپ كەلگەن. دەل مۇشۇ يەردە
ھازىر ھەقلىق ھالدا شۇنىمۇ ئىزاھلاش زۆرۈركى، بۇ قىممەتلىك سەنئەت ئادرېسىنى قانداقتۇر
كېيىنكى چاغلارنىڭ بەزى «بىلەرمەن»لىرى «ئۇششاقباش» — (ئىسكەتسىز، قولاشمايدىغان،
ئۇششاق - چۈششەك خەلق...ياشايدىغان يۇرت...) ئۇقۇمىدىن چۈشىنىپ، سەلبىي مەنىلىكسۇپەت
ئىسىم ئۇقۇمىدىن ئاتاپ كېلىشكە باشلىغان. ھازىرقى چاغلارغا كەلگەندە بولسا تېخىمۇ يىراق-
لىشىپ (50 - يىللاردىن بويان) ئۇ يەرنى «ئۇششارباش» — (ئۇششار ئەمەس باشنىڭ
تەتۈر ھەمراھىسى) ئۇقۇمى بىلەن ئاتاپ كېلىشمەكتە. بۇ بىر ئاگسىز پېشكەلچىلىك ھېسابلانسا
ئەجەب ئەمەس.

+++++++▷ «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار»دىن ◁+++++++

قانداقلىكى بىرەر ئىشنى ئىشلەشتە،
ئاخىرىنى ئويلاپ كۆر، قالما تەشۇىشتە.
ئەيىبلىمە بىراۋنى ئويلىماي كۆرمەي،
ئۆز ئەيىبىڭنى دوستۇم ياخشىراق بىلمەي.
.......................................

كىرىشمەكچى بولساڭ بىرەر ئىشقاشۇدەم،
چىقىش يولىنى كۆزلەپ ئالدىن باس قەدەم.
كىمنىڭكى يار بولسا بىر بۇردا نانى،
ئۆزىگە يارىشا ئۆي - ئاشيانى.
.......................................

— ناسىر خىسراۋ

بۇخىل ئىجابىي سەنئەت ۋەزىيىتىنىڭ شۇ زامانغا نىسبەتەن بولغان ئىلغارلىق ۋەزنىنى
تۆۋەندىكىچە يەكۈنلەش مۇمكىن: ① جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي سەنئەت ئەركىنلىكى، بولۇپمۇ
ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي سەنئەتكە كىرىش ئورنى (كونا دىنىي، ئەنئەنىۋى خۇراپىي ئادەت،
بىسىم - رامكىلاردىن قۇتۇلۇپ جەمئىيەتكە يۈزلىنىش ئورنى) ھاكىمىيەت كۈچى بىلەن

www.uyghurkitap.com

كاپالەتلەندۈرۈلگەن. ② ئۇسسۇل بىلەن ھەرىكەتلەر قىياپەتلىنىدىغان مۇزىكا، مۇزىكا بىلەن شەكىل ئالىدىغان ئارىلاشما ھەرىكەت، ئۇسسۇل ۋە بۇ خىل سەنئەت ھالەتلىرى ئورۇنلىنىدىغان چوڭ سەھنە – (ئىجتىمائىي ئىلمىي سەنئەت سورۇنلىرى) مۇتلەق جەمئىيەتلەشتۈرۈلگەن، كېڭەيتىلگەن، دەخلىسىزلەندۈرۈلگەن. ③ سەنئەتنىڭ ھەر قانداق تۈر، شەكىللىرىنى مەۋجۇد دۇنيا مۆجىزىلىرىنى ئۆرنەك، ئەۋرىشكە قىلىپ ئەركىن تاللايدىغان، ئەركىن ياسايدىغان ھەم بۇ ساھەدىكى كەسپىي، ئىجادىي، مۇلازىمەت... ئىشلىرىنى دەخلىسىز ئىشلەشكە بولىدىغان يېڭى ئىجتىمائىي ئادەتكە ئۇل سېلىنغان، يول قويۇلغان. ④ سەنئەت سېپىدىكى ئىجادىيەتلەرنى، سەنئەت بەلگىلىرىنى، ۋاسىتىلىرىنى، شەكىللەرنى، ماتېرىياللارنى، مەنبەلەرنى، ئورۇن ۋە ھەر خىل سەنئەت بويۇملىرىنى بەرپا قىلىش، ياساش، تېپىش، ئىشلىتىش، زۆرۈرى ئىجتىمائىي كەسىپ – ھەرىكەتلەر قاتارىدا ئېتىبارلىنىدىغان، قوغدىلىدىغان ۋەزىيەت تۇرغۇزۇلغان.

بۇ يەردە شۇنىمۇ قەيت قىلىش لازىمكى، بۇخىل سەنئەت شەكىللىرى بىلەن سەنئەت ۋەزىيىتى ھامان يەنىلا شۇ زامان ئەنئەنىۋى جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ – (ئىللىي فېئودالىق تۈزۈمىنىڭ) ئېتىقاد، ئەدەب – ئەخلاق دائىرىسىدىن يەنى شۇ زامانىنىڭ شارائىت چەكلىمىسىدىن ئاساسەن ھالقىپ كېتەلمەسلىكتەك سەلبىي ئەھمىيەتتىن تولۇق خالىي بولۇپ كېتەلمىگەن. بۇ ھالەت تولىراق ئەر – ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت تېمىسىدا شۇ دەۋرنىڭ فېئودالىق مۇناسىۋەت ئەنئەنىلىرىنى چىقىش قىلماي مۇمكىن بولمىغانلىقى، دىنىي سەۋەبلەر ياكى مەلۇم ئىدېئولوگىيىلىك تەسىر، بېسىملار سەۋەبلىرى تۈپەيلىدىن (سۇلتان سەئىدخان، ئابدۇرەشىتخانلارنىڭ ئاتالمىش تەسەۋۋۇپ ئېتىقادچىلىرىغا دىنىي، روھىي جەھەتتىن ئىختىيارسىز ئېتىقاد قىلىشقا توغرا كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن) ئىجتىمائىي ئەركىن سەنئەت رەقىبلىرىنىڭ يەنىلا خىرىسمەنلىك بىلەن مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشقانلىقى، بەزىبىر ئەرەب، پارس... تىل رامكىلىرىنىڭ ئۇيغۇر سەنئەت تۇرمۇشىغا ئۇسسۇپ كىرگەن ۋە كىرىۋاتقانلىقى ھەمدە يېڭى ئادەت كۈچلىرىنىڭ كونا ئادەت كۈچلىرى بىلەن كۈچ سېلىشتۇرمىدا يېتەرلىك ئۇستۇنلۇك تىكلەپ تۇرالمىغانلىقى... ھالقىلىرىدا ئىپادىلىنىپ تۇرغان. بۇ خىل «زامان چاتىقى» كونا ئىسلام ئىدېئولوگىيىسى پرىنسىپلىرىغا ئارىلىشىپ تارىختا ھامان بىزنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىز بىلەن زىدلىشىش ماھارىدىن ھازىرغىچە قېلىپ قالغىنى يوق، ئەلۋەتتە.

سەئىدىيلەر ئالتۇن چاغلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك زىددىيەتلىك سەنئەت مەۋقەلىرى – (مەدەنىيەت مەۋقەلىرىمۇ ھەم) توغرىسىدا ئەينى زاماندا سۇلتان ئابدۇرەشىتخان ھوزۇرىدا ئۆتكەن يەكەنلىك شائىر ئاياز بەگ مۇنداق يازىدۇ:

ساقى مەي پەرەخبەخش تۇتكىم باھاركەلدى،
بولدى چىمەن مۇنەۋۋەر – ئېچىلدى رەڭگى گۈللەر،
ئىشرەت زامانى يەتتى ئول گۈلئۇزار كەلدى.
تۇت جام روھ پەرۋەركىم غەمگۇزار كەلدى.

بۇ شېئىرنىڭ مەنە تەرجىمىسى مۇنداق:

ئى ساقى خۇشاللىق بەخش ئەتكۈچى شارابىڭنى سۇنغىل، چۈنكى باھار كۈنلىرى كەلدى. خۇشاللىقنىڭ زامانى يېتىپ كەلدى. گۈل يۈزلۈك سۆيگۈنىمىز كەلدى. چىمەن باغلار جۇلالىنىپ رەڭمۇ – رەڭ گۈللەر ئېچىلدى. شادلىق شارابىن ئۇزىمەي قۇيغىنكى، دەۋرىمىزنىڭ دەرمانى كەلدى.

يەنە ئابدۇرەشىتخان جەمئىيىتىنىڭ سەنئەت ئۇستازلىرىدىن بىرى – يازغۇچى، مەشھۇر ئالىم قېدىرخان يەركەندى شۇ چاغلارنىڭ سەنئەت ۋەزىيىتى توغرىسىدا توختىلىپ:

مۇقام جاھاندا ئاڭنىڭ ساپاسى، ھېچ ئەلگە كېلەلمەس بۇلبۇل ناۋاسى،
جاھانغا جاڭگى قالغۇن ساداسى، ئالەمدە يوقكى بۇنىڭ باھاسى.

..............................................................

ھەشتاردىمىز قىلسا خەندان دىيارىمىزنىڭ گۈلۈستانىدا،
قۇزغۇن ئۆلۈپ، بۇلبۇل كۈلەر نەغمە مەشرەپ داستانىدا.
12 چوڭ تولۇن ئايدەك دىل رىشتىگە مەشئەل ياقار،
ئۆزىنىڭ ئەمەس—بۇنىڭ ئەمەس—دىلكەشلەر بوستانىدا.

..............................................................

كەچتىم مەن زامانىمدىن، كەمبەغەل كەيسە كۆلانى،
ياخشىكىم - يامانىمدىن. شەيخلەرنىڭ ئادىم ئەمەس.
ئاق سەللە، يېشىل سەللە، ئۆلگۈچە ئېيتسام مۇقامنى،
بېزارمەن تامامىمدىن. مەن ئۈچۈن ماتەم ئەمەس.

دېمەك بىز سەئىدىيەلەر ئالتۇن چاغلىرىنىڭ سەھنە - مەيدان سەنئەت شەكىللىرىنى ئەنە شۇ خىل زىددىيەتلىك دەۋر شارائىتىدىن يەنى «قۇزغۇن»، «بۇلبۇل»، «ئىشرەت» — (شادلىق)، «ئاق سەللە، يېشىل سەللە»لەر ئايرىلىشىپ تۇرغان زامان شارائىتىدىن كۆزىتىشكىمۇ زامىن بولىمىز. ئەمما بۇ خىل زامىنلىق تارىختا ئۆتكەن ھەقىقىي ئىلمىي قەھرىمان، مىللەتنىڭ پەخرى - غورۇرى ھېسابلىنىدىغان سۇلتان سەئىدخان، ئابدۇرەشىتخان...لارنىڭ ئۇمۇمىي سەنئەت ئۇتۇقلىرىنى — (مىللىي مەدەنىيەتكە قوشقان تۆھپىلىرىنى) سەلبىي كۆپتۈرۈشلەرگە سەۋەب بولالماسلىقى كېرەك، ئەلۋەتتە.

ھۆرمەتلىك ئۇستاز مۇئەللىپلىرىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان يولداش ئابدۇكېرىم راخمان «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»نىڭ 1983 - يىل 1 - سانىدا بىزنىڭ بۇ مەۋقەيىمىزگە ياندىشىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئابدۇرەشىتخاننىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى مۇھىم تۆھپىسى— ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇزىكا مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش، بېيىتىشتا كۆرۈلىدۇ...ئابدۇرەشىتخان مۇزىكا ئىلمىنىڭ مۇسەننىپى ئىدى. «ئىشرەت ئەنگىز» مۇقامىنى ئىجاد قىلدى .... شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق مۇقامچىلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا توپلىدى. ئابدۇرەشىتخان دەۋرىدە ئۇيغۇر خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرى— (ئۇقتىملىق ھالدا 12 مۇقام) نى توپلاش، رەتلەش، ئۆگىنىش ئىشىنى تەشكىللىنىپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر مۇقامشۇناسى، شائىرەسى ئامانىسا بىلەن قېدىرخان يېتەكچىلىك قىلدى ....» بۇ پەقەت ئابدۇرەشىتخان دەۋرىنىڭ مۇزىكا، مۇقام ساھەسىدىكى نەتىجىلىرىدىنلا بىر تەرىپىدۇر. ئۇلارنىڭ يەنە ئۇسسۇل، ئەلنەغمە، كۆرەك سەنئىتى-(سەھنە كونسېرتلىرى)، مۇرەككەپ سەھنە-مەيدان تاماشالىرى، خور... ۋەھاكازا سەنئەت شەكىللىرى بويىچىمۇ يارىتقان نەتىجە - ئۇتۇقلىرىنى ھەم ئىزدەش، تېپىش، تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش بىز ئۈچۈن يەنىلا قەدىرلىك مەجبۇرىيەتلەردىندۇر.

### قەلەمسىز سەنئەتنىڭ بەزى شەكىللىرىدىن مىساللار

سەئىدىيەلەر ئالتۇن چاغلىرىنىڭ ئەڭ جانلانغان سەنئەت تۈرى — قەلەمسىز سەنئەت ياكى يېزىق، سىزىقسىز خەلق سەنئىتى تۈرىنىڭ ئەڭ ئاممىۋىلاشقان شەكىللىرىنى ئاساسەن تۆۋەندىكى تەركىبىي شەكىللەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ: ① نەغمىلەر، غەزەل—قوشاقلار، بېيىت، مۇتەيۋلەر، ھەزىل - زېغىزىقلەر، تېپىشماقچىلىق، قىزىقچىلىق، گەپدانلىق، دورامچىلىق، مەسخىرىۋازلىق، لاپخورلۇقلار.... نى چۆرىدىگەن ئىشقى - كۈي نەغمىچىلىكى ياكى مەشرەپبازلىقلار، ② چالغۇ ياكى چالغۇلۇق ھەرىكەت بىلەن بىرىككەن رىۋايەت، چۆچەك، تارىخ، ۋەقەلەر،

ئەپسانىلەر، تەنە - دارىتمىلار، ئەگىتمە - قاس چىقىرىشلار ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش تۇرمۇش تېمىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان داستانچىلىق ياكى نەسىرۋازلىق.... لار بويىچە تەتقىق قىلىشقا بولىدۇ. بۇ خىل سەنئەت — ئەلىمساقتىن بىرى روھىي دۇنياسىغا، ئۆمرى روھىغا، پسىخولوگىيىگە سەنئەت مىجەزى سىڭىپ كەتكەن ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ ھەممە ئىشىنىق ھەرىكەتلىرىگە، ئۆيلىرىگە، بۆشۈكتىن گۆرگىچە بولغان بارلىق تىرىكچىلىكلىرىگىچە ئاب ھاۋاغا ئوخشاشلا سىڭىپ تۇرىدىغان — (قوبۇل قىلىنىدىغان، ئىجاد قىلىنىدىغان) قىلىق سەنئىتى ياكى جان سەنئىتىدۇر. تارىختىن بىرى يەر يۈزىدە سەنئەت مىجەزى يوق، سەنئەت تۇيغۇسى ئۆلگەن ياكى سەنئەتنى يات كۆرىدىغان بىرەرمۇ ئۇيغۇر نەسلىنى ئۇچراتقىلى بولمىغاندەك، بۇ خىل جان سەنئىتىمىز بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ ئارىسىدىن ھازىرغىچىلىك جېنىمىز، قېنىمىز، غورۇرىمىز، ۋىجدانىمىز، سۆزىمىز، تەقدىرىمىز، ئىزدىمىزنىڭ سىمۋولى شەكلىدە ئۇچرىتىپ، قەددىرلەپ كەلمەكتىمىز.

يۇقىرىقى پىكىرلىرىمنى ئېھتىياج، زۆرۈرىيەت ۋە ئىمكانىيەت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن بىر نەچچە مىسالى ماۋزۇلار بىلەنلا (قىسقارتىپ) ئاساسلاپ كۆرمەكچىمەن.

### مەشرەپلەر توغرىسىدا

تارىخىمىزدا مىللىي خاسلىق ئالاھىدىلىكى ئالاھىدە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان، ئەڭ ئاممىۋى، ئەڭ باي مەزمۇنلۇق، ئىلمىي سەنئەت شەكىللىرىمىزدىن بىرى — كۈي - نەغمە يەنى مەشرەپتۇر.

سەئىدىيلەر ئالتۇنچاغلىرى ئويۇن سەنئىتىنىڭ خېلى كۆپ ساقىندى ياكى ساقلاندى نەمۇنىلىرىمۇ تارىختىن بىزگە ئاساسەن سەنئىتىمىزنىڭ مۇشۇ شەكلىدىن تولاراق ئۆلىنىپ، ئىپادىلىنىپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە. مەسىلەن، قارا قۇرۇملۇقلاردىكى «چىمەن كۈي نەغمىلىرى»، قۇمۇل تاغلىرىدىكى «كۆك نەغمىلىرى»، خوتەن سەھرالىرىدىكى «نورۇز» نەغمىلىرى، لوپنۇر - تاتىرانلاردا ساقلانغان ھەر خىل «ئاي»، «كۈن» كۈي نەغمىلىرى، باشقا جايلاردىكى «بۇلبۇل»، «گۈل»، «ئاشىق»، «مەشۇق» .... كۈي نەغمىلىرى ھەم بۇ خىل كۈيلەرگە مەنسۇپ ھەر خىل سەنئەت بۇيۇم، ۋاستىلىرى (ئۇمۇمەن باھار سىمۋولى) بۇ پىكىرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ ھەقتە پانتوسوپ مۇنداق يازىدۇ: «خۇشاللىقتىن يايرىغان بۇ تەرەپلەردە خەلق شادلىقىنى جاكارلاش ئۈچۈن چېچەكلىك چىمەن يەنى «ئۆلەن» سۆزىنى قوللىنىپ كۈيلەيدۇ (ناخشا ئېيتىدۇ، مەشرەپ ئوينايدۇ، دېمەكچى - ئا). مىللىي سەنئەتتە خوتۇنلىرىنىڭ چەككەن، توقۇغان بۇيۇملىرىغا ئەنە شۇ سەۋەبتىن چېچەكلىك چىمەنلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن نۇسخىلار چۈشۈرۈلىدۇ... بۇ ئۆلىنىپ كېلىۋاتقان سەنئەت ئەنئەنىسىدۇر...» («شەرق تارانچىلىرى» 57—59 - بەتلەر).

كۈي - نەغمىلەر..... قوشاق .... بېيىتلار تارىخ گۇۋاھچىسى ۋە سولماس مىراسنامىلەر بولغىنى ئۈچۈن تارىخىمىزدىكى كۈي - نەغمە (مەشرەپ) لەرنى ھازىرقى زامان سەنئەت شەكىللىرىمىزنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىردە يېڭىلانغان يەنىمۇ بېيىتىلغان خەزىنە بۆشۈكلىرىدىن بىرى دەپ قاراشقىمۇ توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە. تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، سەئىدىيلەر ئالتۇنچاغلىرىنىڭ دەسلەپىدە نەغمە - كۈيلەرنىڭ — (مەشرەپلەرنىڭ)جارىلىنىش دائىرىلىرى ئاساسەن شەھەر، بازارلار، كۆچۈم مەدەنىي تۇرالغۇ رايونلار ئارا مەلۇم شارائىتتىلا ئوينىلىدىغان تار ئىجتىمائىي سورۇنچىلۇقتىن ياكى غەلىبە، تەنتەنىلەر نىشانلىنىدىغان (مەلۇم كۈچلەر شادلىنىدىغان) چەكلىك دائىرىلەردىن ئىبارەت بولغان بولسا، كېيىنچىرەك (ئابدۇرەشىتخان زامانلىرىدا) ئومۇمەن ئادەم قەدىمى يېتىدىغانلىكى ھەممە جايلارغىچە بېرىدەك ئومۇملىشىشقا، مەلۇم خوراپىي رامكىلاردىن، سەلبىي كۈچلەرنىڭ، ھۆكۈمران دىنىي، سىياسىي ئىدىيەلەرنىڭ

تەسىرىدىن خالاسلىنىپ، ئۆزلەش پۇرسەت يەللىرىدىكە كۆتۈرۈلۈشكە يۈزلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن
مەشرەپلەرنىڭ تەكامۇللىشىش، راۋاجلىنىش، يېيىلىش دائىرىلىرى پۈتۈن ئۇيغۇر جەمئىيىتى-
دىلا ئەمەس ئوتتۇرا ۋە كىچىك ئاسىيا ئەللىرىدە، ھەتتاكى پۈتۈن دۇنياغىمۇ كېڭىيىش، تە-
سىر كۆرسىتىش دەرىجىسىگىچە بېرىپ يەتكەن. خۇددى ھۆرمەتلىك ۋەقەشۇناس ئۇيغۇر مامۇت
ئىسلام تەرىپلىگەندەك: كادالا مەشرەپلەر (چوڭ، مۇكەممەل ئىلمىي مەشرەپلەر – ئا)120 خىلغا
(12 مۇقام، 72 ساز، ساناقسىز كۈي، نەغمە، ئۇسسۇل. پەدىلەرنى چىقىش قىلغان چوڭ ئىلمىي
مىللىي مەشرەپلەر دېمەكچى – ئا)، «چىم» مەشرەپلەر (ھەممىلا يەردىن بىردەك ئۇنۇپ چىقى-
دىغان ئوت – چىم ئوخشاشلىقى تەقلىد بولغان ئىجادىي، يەرلىك، چاقار، مەھەللە مەشرەپ-
لىرى دېمەكچى – ئا) كۆكتىكى يۇلتۇزلاردەك جاھاننى قاپلاپ كەتكەن.... شەھەر، بازار، لەن-
گەر، كۆچۈم جايلاردىكى تۇرمۇش ئورۇنلىرىدىن تارتىپ تاغ – قاران، باياۋان سەييادلىرى–
(ئوۋچى)، چوپان، قانقىغانلارنىڭ ئوتاق – (ئوتاۋ) لىرىدىچە، كارۋانلارنىڭ مەنزىلگاھلىرى
بىلەن، سەييادلارنىڭ قونالغۇلىرىدىچە مەشرەپلەر كېڭەيگەن، ئومۇملاشقان. بەزى يەرلىك تې-
رىندى خاتىرە مەنبەلەردىن بىلىشىمىزچە، 19 – ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىچە سەئىدىيلەر زا-
مانلىرىدىكى مەشرەپلەرنىڭ ساقىندى داۋامى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلگەن تەقلىدىي شەكىل-
لەر 100 دىن جىقراق بولغان. بۇنىڭدىن تۇمۇل. تۇرپان مەشرەپلىرى 11 خىلنى، قارا قۇرۇم،
پامىر مەشرەپلىرى 13 خىلنى، بخالاستان، زەرەپشان، گېپس، تۈمەن دەريا ۋادىلىرىدىكى مەش-
رەپلەر– (يەكەن، قەشقەر ئويمانلىقى – ئا) 20 خىلنى، ئاقسۇ، كۇچا، بۈگۈر .... مەشرەپلىرى
20 نەچچە خىلنى، تاتىران، ۋاششەرى، كروران –(چەرچەن، چارقىلىق، لوپنۇر....) لار مەش-
رەپلىرى 17 خىلنى، ئالمىلىق – (غۇلجا، تارباغاتاي، ئالتاي، بورتالا . . . . لارنى ئۆز ئىچىگە
ئالىدۇ) مەشرەپلىرى 14 خىلنى، باش بالىق– (ھازىرقى ئۈرۈمچى، شىخەنزە، قاراماي، ما-
ناغ، سانجى ئوبلاستى .... تەۋەلىكىدىكى جايلار) مەشرەپلىرى 7-8 خىلنى تەشكىل قىلغان
بولاردىن قەدىمىراق مەشرەپلەر خىللىرىنىڭ ئەڭ كۆپ ساقلانغان جايلىرى قۇمۇل، قارا قۇرۇم،
پامىر، ئالتۇن قۇرۇم، كۇئېنلۇن... تاغ ئارىلىرىنىڭ يىراق تاغ ئىچى ئاھالىلەر رايونلىرىدۇر.

### +++++++◁ «تەنەپپۇسلۇق بوۋغىلار»دىن ▷+++++++

ئايال ئېيتىدۇ:
ئەسسالام دەپ ئۆيگە كىرسەم،
تۆردە بىر مېھمان تۇرۇر.
قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك،
كۆزلىرى ئويناپ تۇرۇر.
..........................
مەن سالام بەردىم ساڭا،
قىلغان ئىشارەتلىك قېنى؟
كۆڭلى يازلىقتىن خەۋەر
ئەقلىلىك – كارامەتلىك قېنى؟
ئەر ئېيتىدۇ:
تۆردە مېھمانلىق بولۇپ،
تۇرغان چېغىم – كۈلگەن چېغىم.

رەھمىتىم – مېھرىم بىلەن،
ساڭا بەرگىلى بۇ دىلىم.
..........................
بىر سالامغا مىڭ ئىشارەت،
قىلىمىقىم ئارزۇ ھەۋەس.
بۇ كۆڭۈلنىڭ قىشى يوقتۇر،
ئەقلىم – كارامەتىم پەۋەس.
ئايال ئېيتىدۇ:
دىل خۇمارىم سەن ئەرۇرسەن،
شوخا بويلۇق شۆل يىگىت.
لەۋزىدىن شېكەر تامادۇر،
خۇشمۇ تاقەتلىك يىگىت.

..........................
سەن ئۈچۈن كۆيمەكلىكىم،
غەپلەت ئەمەس، يا، جائەمەس.
كۆڭلىمىز كۆن، قىلچەشەك يوق،
مەن ساڭا ئورتاق نەپەس.
..........................
ئەر ئېيتىدۇ:
بۇ ئەزىز قەلبىڭ ئۈچۈن،
قەلبىم، ۋۇجۇدۇم سەندەدۇر.
ئىككى دۇنيا بىر قەدەمدۇر،
سەن بىلەن ئۆتسە نەپەس.

— (قارا قۇرۇملۇقلاردىكى توي مەشرەپ بېيىتلىرىدىن)

www.uyghurkitap.com

## مەشرەپ مۇتەيۋەلىرىدىن

... ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم جامائەت!

... بىزنىڭ يۇرتىمىز ئىچىدە، ئۇ يەردىمۇ ئەمەس، بۇ يەردىمۇ ئەمەس چىتىدە، ئاكامنىڭ، يىاق ئاكامنىڭ ئاكىسىنىڭ، ياق! ياق! ئۇكامنىڭ قىيىن ئاتىسىنىڭ قىيىن ئانىسىغا تۇغقان كېلىدىغان، ئاڭلىمىغان، بىلمىگەن يېقىن تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئۆيىدە تۇغۇلغان بىر قوي قوزىلاپتۇ. بېشى ئىتتەك، قۇيرۇقى قويغا، قاۋىشى كۈچۈككە، مەرىشى قوزىغا ئوخشايدۇ. كەن، تۆشۈكتىنمۇ كىرىدىكەن، ئىشىكتىنمۇ كىرىدىكەن، ئوتىمۇ يەيدىكەن، گۆشىمۇ يەيدىكەن. بۇنىڭ گۆشى ھالالمىدۇ؟ نىمە دەپ ئات قويىمىز؟

— بۇنىڭ جاۋابى ئوڭاي؛ ئالا كۆڭۈل، مەجىزى غەش، ئاللاھ ئۆز قۇشىاي ياراتقان، قەدرى كۆل - ئوپراق، چالا ئىنساپلارنىڭ خۇي - پەيلى ... دەل شۇنداقتۇر.

. . مانا بۇ مەشرەپ مۇتەيۋەلىرىنىڭ نەسرىي شەكلىدۇر. نەزم شەكلىدىمۇ ئۇرغۇن. مەسىلەن:

........................................

ئەي خالايىق بىلىپ - بىلمەي قالماڭلار،
بىر نەزم بار قۇلاق سالماي قويماڭلار.
ئۆلگەنىكەن بىر تۆگە ئۆزى بەك ئورۇق،
يېغىنىڭ كۆپلۈكىدىن ھېچ مادارى يوق.
ئۆلگەن يېرى سۇدا ئەمەس ياكى قۇرۇق،
ئۆلگەن ۋاقتى شامغا يېقىن سەھەر - يورۇق.

........................................

بۇ نەزمنى بىلىپ بولدۇم ئاڭلاپ قويسىلا،
ئەل ئىچىدە مېنىمۇ بىر داڭلاپ قويسىلا،
يىغىل كارۋان تۆگىسىدۇر ئۆزى بەك ئورۇق،
يۈكلەنگەن ياغ چىقلىقىدىن ھېچ سانى يوق.
كۆۋرۈك ئۈستى يىقىلىپتۇ پالاق - پۇلۇق،
شام سەھەرگە يېقىنلاپلا تاڭلا يورۇق.

........................................

بىز يەنە مەشرەپ مۇتەيۋەلىرىنىڭ زىغزىق شەكىللىرىنىمۇ — (ھەرپ ياكى مەلۇم بىر خىل تىل ئادىتى شەكلى بىلەن مەشرەپكە زىغزىق چىقارغۇچى، قىزىتقۇچى، ئالاھىدە ھەيىار ئالامانلار ئۇستاتىچىلىقىنىمۇ — ئا) ئۇچرىتىپ تۇرىمىز:

ھۈرمەتلىك ھەقمىسايىلەر ھازىر ھەربىرلىرىگە «ھ» دىن ھىكايە ھازىرلىدىم. ھەلىمىخان ھامامىنىڭ ھەمشىرىسى ھەيىبۇللا ھاپپازۇپ ھاكاۋۇرلۇقتىن ھەمىشە ھال قىلىپ، ھەسەتخورلۇقتىن ھەر ھەپتە ھوقۇشتەك ھوۋلىشىپتۇ. ھۈنەر - ھېكمەتنى ھاجەتسىز ھېسابلاپ، ھورۇنلۇق، ھاماقەتلىكتە ھېرىپ ھالسىراپتۇ. ھاپپاز ھەيىبۇللا، ھەقمىسايىلەرى ھېلاخۇن، ھەمدۇللا، ھوشۇر ھورۇن، ھەققۇلى ھاپىزلاردەك ھاراققا ھېرىسمەنلىكتىن ھاپاشلىشىپ ھوزۇرلىنىپتۇ. ھاماقەتلەر ھاراقنىڭ ھوزۇرىدا ھەپتىدىن ھەپتىگىچە ھەپىلىشىپ ھارغانلىقتىن ھەسرەپ-ھۆممەپ، ھېجايغانغا ھېجىيىپ، ھۈرپەيگەنگە ھۈركىرىشىپ ھەسرەت ھەلقۇمىدا ھانانتىلىشىپتۇ. ھەر بىر ھەرىكەت، ھازارە - ھەپۇنلىرىدا ھاراقنىڭ ھەسەتخورلۇقىدىن ھېكايە ھازىرلىشىپتۇ. ھورۇننىڭ ھېكايىسى ھەپتىدىن ھالقىپتۇ. ھەسەلنىڭ ھەرىسىدىن، ھارۋىكەشنىڭ ھومىسىدىن ھابىماچىنىڭ ھالۋىسىغىچە، ھېكىما خۇنىڭ ھەلىسىدىن ھاتەمنىڭ ھۆكلۈم، ھۆكۈمالىرىغىچە، ھاراقنىڭ ھوزۇرىدىن ھالال ھۈنەرنىڭ ھەممىتىگىچە ھېسابلىشىپتۇ. ھاماقەتلەر ھامىنى ھامان ھاراقنىڭ ھوزۇرىدىن ھۈنەرنى ھېكمەتلىك ھېسابلىماپتۇ.

ھۈرمەتلىك ھەقمىسايىلەر؛ ھاكاۋۇرلۇق، ھەسەتخورلۇقتىن ھالال ھۈنەرنىڭ ھالاۋىتى ھېسابسىزدۇر. ھورۇنلۇق، ھاماقەتلىكتىن ھۈنەر ھېكمەتلىكتۇر. ھەممىمىز ھالال ھۈنەرنىڭ ھالاۋىتىنى ھەق ھېسابلاپ ھەردەم ھۈنەر - ھېكمەتكە ھەرىكەتلىنەيلى ...

(يولداش غۇلامىدىن يۈسۈپ رەتلىگەن بۇ زىغزىق «ئەسىرلەر» ژۇرنىلىنىڭ 1987-يىل 3-سانىدىن ئېلىندى.)

. . مەشرەپنىڭ ئەڭ ياراشقان يارىشىقلىرى ھېسابلىنىدىغان بۇ خىل مۇتەيۋەلەرنى ھەر قانداق مەشرەپتە نەغمە - ئۇسسۇل تەنەپپۇسلىرى ياكى سىنچايلىق ۋاقىتلاردا. بىر كىشى بەزىدە بىر جۈپ كىشى بىر تال ياسىما گۈل بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ مەشرەپخانىلارغا يۇقىرىقىدەك مۇتەيۋەلەرنى ئۇنلۇك ھەم ھەرىكەتلىك ئىشلار بىلەن. كۆڭۈللۈك ئادا قىلىپ بېرىشىدۇ. ئومۇمەن نەسىھەت، ئەقىل، ئىدراك، پەم - پاراسەت مەزمۇن قىلىنغان بۇ خىل سەنئەت شەكلىنى بىز باشقا خەلقلەر ئارىسىدىن ھازىرغىچىلىك تۇزۇكرەك سېزىپ باقمىدۇق. «باقىي تاز لەتىپىلىرى» دېگەن

بىر كۈلكىلىك ئەپسانىلەر خاتىرىسىدىن بىلىشىمىزچە، بۇرۇن بىر چەترالىق (ھازىرقى پاكىستانلىق بىر يېرى) كىشى ھەرپىلىك زىغىزدىقتىن بىرنى 40 كۈن يادلاپ ۋە دوراپىمۇ ئەپلەشتۈرەلمىگەنمىش. يەنە بەزىبىر تارىخىي ئەسلىمىلەردە: ئابدۇرەشىتخان زامانلىرىدا بۇ خىل مۇتەيۋىلەرنىڭ ئىجادچىلىرى رەسمىي ئالىملار قاتارىدا تونۇلغانلىقى ھەم مۇتەيۋىلەرنىڭ ئوتتۇرا، كىچىك ئاسىيالاردىكى تۈركىي خەلقلەر، مۇسۇلمانلار دىيارلىرىدا ناھايىتى قىزىقارلىق ئىلمىي ئەقلىي ئويۇنلار قاتارىدا قەدىرلەنگەنلىكى خاتىرىلەنگەن.

مېنىڭچە مۇتەيۋىلەرنىڭ ئادەتتىكى چاقچاقچىلىق سەنئىتىدىن تۈپ پەرقى شۇكى: مۇتەيۋە پەقەت مەشرەپلەردىلا تۇرۇق، ئۇسسۇل، ئىشارەت، دەللىلىك بىرىككەن بىر خىل ھەجۋىي شەكىل بىلەن ئادا قىلىنىدىغان، بىردەملىك ئەگەشمە كۈلكىلەر، مەسخىرە، پارلاق سۆزلەر كەمرەك بولىدىغان، ئەقلىي قابىلىيەت، زېھىن سىناش رولىنى ئۆتەش خاراكتېرى كۈچلۈكرەك بولغانلىقى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

مۆھتەرەم يارانلار!

ھازىرغىچىلىك بىر قىسىم ئۇستاز مۇئەللىپلىرىمىز سەئىدىيلەر ئالتۇن چاغلىرىنىڭ مەدەنىيەت جۈملىدىن سەنئەت ئورمىلىقلىرىدىن ئورمىلار ئورۇپ، خەزىنىلەر خامانلىرىنى ياساشماقتا. مەنمۇ زەئىپرەك زېھنىم، تۆۋەن سەۋىيەم، كۈچسىز قەلىمىم بىلەن شۇلارنىڭ كەينىدىن باش تېرىشنى داۋام ئەتكۈزدۈم.

## 6. سەئىدىيلەر زامانىدىكى مېماركارلىق ھۈنەر - سەنئىتى

### 1. تارىخ بويلىغاندا ...

16- ئەسىر سەئىدىيلەر زامانلىرىدا ئالاھىدە ئېتىبارلانغان، يۈكسەلدۈرۈلگەن ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي مىللىي ھۈنەر - كەسىپ تۈرلىرىنىڭ بىرى — مېماركارلىق — (بىناكارلىق — ئارختېكتورلۇق) تۇر.

ئۇيغۇر خەلق مىللىي مېماركارلىقىنىڭ بۇ چاغلاردىكى ئومۇمىي تۈرى، نەتىجە، ئالاھىدىلىكلىرىنى شەرھىيلەپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بۇ مېماركارلىقنىڭ تارىخىي قەدىملىكىنى، تارىختىكى تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانلىرىنى، دۇنيانىڭ بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مېماركارلىق سەنئىتىگە سىڭدۈرگەن ھەل قىلغۇچ ئۆرنەك - تەسىرلىرى بىلەن باشقا خاسلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈش زۆرۈر ۋە ھاجەتتۇر.

تارىخىي خاتىرىلەردىن — (ئەڭ مۇھىمى ھازىرقى زامان ئارخېئولوگىيە ئىلمىنىڭ ئاساسلاشلىرىدىن) ئايان ۋە مەلۇمدۇركى، ئۇيغۇرلار بۇندىن 4000 يىلدىن 6000 يىللارغىچە بۇرۇن ئۆز ئانا ماكانلىرىدا (ھازىرقى شىنجاڭنىڭ قەدىمىي دائىرىسىدە ۋە باشقا ئۇيغۇر زېمىنلىرىدا) مۇكەممەل دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى بەرپا قىلىش بىلەن تەڭلا، تەدرىجىي ئىجتىمائىي مەدەنىي ئولتۇراقلىشىش — شەھەرلىشىش — مەدەنىيەتلىشىش مېماركارلىقنى شەكىللەندۈرگەن ھەم بۇ مېماركارلىق تۈرلىرىنى پۈتۈن جەمئىيەت كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىم تىرىكچىلىك مەنبەسى، ئۇلى ۋە كەمكۈتسىز ۋاسىتىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە چىڭ تۇتۇپ يۈكسەلدۈرگەن مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

— ... جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەردىن ئىلگىرى، — دەپ يازىدۇ تارىخچى يولداش شىمشى، — ئۇيغۇرلارنىڭ ئىدىقۇت شەھىرىنى مەركەز قىلغان دۆلىتىدە سەككىز شەھەر، شىمالىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە ئون شەھەر، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدە 18 شەھەر، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە 21 شەھەر بولغان ... بۇلاردىن ئىدىقۇت، يارغول ... شەھەرلىرىنىڭ ئىز - قىياپەتلىرى ھېلىقىچە

ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇلار ئىنتايىن چوڭ، ھەيۋەتلىك قىياپەتلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يىپەك يولى دەۋرىدىمۇ قانچىلىك مەشھۇر شەھەرلەردىن ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ. ① بۇ يەردە تەكىتلەنگەن سۇلالىلەر جۇملىدىن شىمالىي جۇ سۇلالىسى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 11- ئەسىردىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 256 - يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن سۇلالىدۇر.

.... شىنجاڭغا ئىسلام دىنى كىرىشتىن بۇرۇنقى خەنزۇ يىلنامىلىرىدا .... ، دەپ يازىدۇ يولداش ھاجى مەتتۇرسۇن ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر مېمارچىلىقى ۋە مىللىي شەكىل» دېگەن ماقالىسىدا: «تۇرپاندىكى ئىدىقۇت، كۇسەن — (كۇچا) قاتارلىق جايلاردىكى شەھەر قۇرۇلۇشلىرى ھەققىدە ھەۋەسلىنىپ يېزىلغان خاتىرىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. تۇرپاندىكى يارغول قەدىمىي شەھىرى مىلادىدىن ئىلگىرى بار بولۇپ XIV ئەسىرگىچە داۋام قىلغان. تارىختا ئۆتكەن بەنگۇ غەربىي رايوننى — (شىنجاڭنى — ئا) «شەھەر قەلئە مەملىكەتلىرى» دەپ ئاتىغان. ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي رايونىدىكى ئاتاقلىق يېڭيۈەن باغچىسىنىڭ لايىھىلىنىش قۇرۇلۇشىغا ئۇيغۇر مېماركارلىرى ئىشتىراك قىلغان...» («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»- ئىچكى ژۇرنال 1986 - يىل 10 - سان). دېمەك تارىخ بويىلغاندا شۇنى تولۇق ئاساسلاپ كېتەلەيمىزكى، ئۇيغۇر مېماركارلىقى — باشلىنىش قەدىمىلىكى جەھەتتىن 4000 يىلدىن 6000 يىلغىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن، مول مەزمۇن، خىلمۇ - خىل كۆپ شەكىللەر مۇكەممەللىككە ئىگە، چىرايلىق ھەم كۆركەم شۇنداقلا دۇنيانىڭ مېمارچىلىق كەسىپ سەنئەت خەزىنىسىگە ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، مىللىي خاسلىقى شۈبھىسىز تارىخىي مېماركارلىقتۇر. بۇ مېماركارلىق — بىر چوڭ مىللىي ئىجتىمائىي كەسىپ شەكلى بىلەن تونۇلغاندىن تارتىپ تاكى زامانىمىزغىچە بولغان يۇقىرىقىدەك ئۇزۇن تارىخىي زامانلار ئىچىدە ئۇيغۇرلار تېۋىنغان بۇددا، مانى.. ، ئىسلام دىنى دەۋرلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت، تۇرمۇش، قۇرۇلما ئەنئەنىلىرىنى مەنبە قىلىپ، بېيىپ، خىللىشىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ بارغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ماددىي چىداش ۋاقتىمۇ — ئوتتۇرا ئاسىيا مېماركارلىقىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى چىداش ۋاقىت ئۇزاقلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. مېمارلارنىڭ (ئىمارەتلەرنىڭ) كۆركەملىكى بىلەن سۈپەت، ماتېرىيال، ھۈنەر، ئورۇن، تەسىر، شەكىل، بايلىق ۋە دەللىلىك جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىمۇ تارىختا بىر تەرەپتىن تارىخىي ئەندىزىلىك رولىنى ئۆتەپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمەلىي نەق ئۆرنەكلىك — (ئەۋرىشكىلىك) رولىنى ئۆتەپ تۇرغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزم زامانىدىكى لەھەك — (ئەجدىھا) نۇسخىلىق مېماركارلىق شەكىللىرى — ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتكە كۆچكەنگە قەدەر پۈتۈن ئاسىيا بۇددا رايونلىرىنىڭ ئورتاق ئۆرنەك شەكىل مەنبەسى بولۇپ كەلگەن بولسا، ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتكە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، (ئىسلامىيەت قەشقەر، خوتەن رايونلىرىدا 11 - ئەسىرلەردە، كۇچا، كورلا رايونلىرىدا 12 - ئەسىرلەردە، تۇرپان، قۇمۇل رايونلىرىدا 15 - ئەسىرلەردە كىرگەن، ئومۇملاشقان — ئا) باشقىلارنىڭ شۇ مۇرۇۋۋالغان شەكىللىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن تۇرۇقلۇقىمۇ يەنىلا ئەسلى ۋارىسلىرى ئارىسىدىكى ساقلىنىش رولىنى يوقاتمىغان. 11 - ئەسىردىن كېيىن بىنا بولغان مېماركارلىق خارابىلىرىدىن لەھەك نۇسخىلىق ئىمارەت شەكىللىرىنىڭ ھازىرغىچىلىك كۆپلەپ تېپىلىپ تۇرۇشىنىڭ تارىخىي سەۋەبىمۇ دەل ئەنە شۇ يەردە.

.. دېمەك بىزدە بۇددا، مانى، ئىسلام مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ قەدىمىي خارابىلارنىڭ، بولۇپمۇ

① («شىنجاڭ گېزىتى» 1980- يىل 7- ئاينىڭ 17- كۈنىدىكى سان 5 - بېتىدىن)

لەھەڭنى ئۇتتىم قىلغان بۇددا مەدەنىيىتى خارابىلىرىنىڭ بىر قەدەر قەدىمىيلىك ھالىتى بىلەن چىقراق تېپىلىپ تۇرۇشى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇرغۇن مەدەنىي، دىنىي دەۋرلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، كۆچۈپ، مەدەنىي ئولتۇراقلىشىش، شەھەرلىشىش مەدەنىيىتىگە نەقەدەر بالدۇر قەدەم باسقان-لىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇتتۇرىدا بەزىلەر تارىخىي نۇقتىنەزەر جەھەتتە: تارىختىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدىن غەيرىي ئىسلام خارابىلىرى بىلەن غەيرىي ئىسلام مەدەنىيىتى، غەيرىي ئىسلام تۇرمۇشىغا مەنسۇپ مەدەنىي يادىكارلىقلارنى مەسىلەن: لەھەڭ ئۇتتىملىق قەدىمىي ئىمارەت شە-كىللىرىنى، ساندۇقلۇق جەسەتلەرنى، بۇددا، مانى، شامان مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ قەدىمىي ئىز-خارابىلار... لارنى كۆرۈپلا ئۇنى 11—12 - ئەسىرلەردىن بۇيانقى ئۇيغۇرلار دىنىي — (ئىسلام. دىنى) مۇقەددىمىدىن كۆزدىتىپ، مىماركارلىق تارىخىمىزنىڭ باشلىنىش ۋاقتىنى ئىسلامنىڭ بىزگە كىرىش ۋاقتى بىلەن بىر قىلىپ قويۇشقا تىرىشقانىدى. بۇ ئىنتايىن خاتا قاراش ئىدى، يەنى بۇ ئۇي-غۇر خەلق مەدەنىيىتىدە ھازىرغىچىلىك قويۇق ساقلىنىپ تۇرغان قەدىمىي نەمۇنىلەر، ئاق ئۆيلەر — (كىگىز ئۆيلەر)، كىگىز، كىلەم گۈللىرى، ھەر خىل ئويمىلار، دۇبۇلغا، سۇپەر — (قال-قان)، قۇش بېشى ئىگەر، توخۇناق، لەڭگەرچاق، ھارۋا چوقىيى، مورا، پېشايۋان، تەقىيە، ئى-شىك، تۇنۇك كىشەكلىرى، دەرۋازا، راۋاق قورقۇتقۇلىرى، تەكچە، نەۋېي، ئويۇق، پەلەمپەي، تورقاغا، قورغان، مەزاب... قاتارلىق غەيرىي ئىسلامغا مەنسۇپ (بۇددا، مانى زامانلىرىدىغا خاس) مىماركارلىق، تۇرمۇش سەنئەت شەكىللىرىنىڭ ساقلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرمىگەنلىك، ئۇيغۇرلار كەشتىچىلىكى بىلەن نەققاشچىلىقىدىكى قەدىمىي نەمۇنىلەرنى كۆرمىگەنلىك ئىدى. بۇ-تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا تارىخىمىزنىڭ قەدىمىيلىك جەريانلىرى بىلەن كېيىنكى جەريانلىرى ئارى-سىنى ئۈزۈپ تاشلىغانلىق ئىدى. بۇ خىل قاراشلار رەت قىلىنىشى زۆرۈر ئىدى. ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تارىختا تېۋىنغان دىنىي ئېتىقادى — شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ياكى مىللەتلىك تارىخىنى شەكىللەندۈرۈپ بېرەلەيدىغان مۇتلەق ئامىل ئەمەس. مۇشۇ مەنىدىن تى-رىپ ئېيتقاندىمۇ بىزنىڭ يۇرتىمىزغا 10 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرلەرگىچە كىرىپ پەيدا بول-غان ۋە ئومۇملاشقان ئىسلام قۇرۇلۇشلىرىنى — (مەسچىت، گۈمبەز، خانىقا، قەبرە، مازار ۋە باشقا دىنىي قۇرۇلۇشلارنى، بىز يەنىلا «سىرتنىڭ»، «ئەرەب، پارس مۇسۇلمانلارنىڭ» قىلىۋې-تىشكىنىمۇ زادىلا قوشۇلالمايمىز. چۈنكى بۇ خىل قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەگمە، ئويما، پەگا، لەمگە، زىغىزدىق، پەرمان، سىزدىق، كەشتە، گۈل، نەقىش، پەداز، ئىسكەت... لىرى يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخىي ھۈنەر - سەنئەت نەمۇنىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە.

16 - ئەسىر سەئىدىيىلەر زامانىنىڭ مىماركارلىرى دەرۋەقە ئۆز پەيتلىرىدە ئۇيغۇر مىما-كارلىقىنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇزاق تارىخىي مۇكەممەللىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تەرەققىيات تەقدى-رىگە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنى ئېچىش، ئەسلىنى ساقلىغان ئاساستا يۈكسەلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكەن. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئاساسىي ئۇتتۇق - نەتى-جىلىرىنى تارىخىي خاتىرىلەر ئاساسىدا ئومۇمەن مۇنداق يەكۈنلەش مۇمكىن: ئۇلار مىماركار-لىق ھۈنەر - سەنئىتىنى گۈللەندۈرگەن، خانلىقنىڭ بۇ ساھەدىكى شان - شەرەپ ئالاھىدىلى-كىنى ئاشۇرغان، مىماركارلىق ئىجادىيىتىنى جانلاندۇرغان، تۈرلىرىنى ئاۋۇتقان. مىماركار-لىقنىڭ مۇلازىمەت تارماقلىرىنى، تەركىبلىرىنى مەسىلەن: ياغاچچىلىق، قىرغۇچىلىق، ئويمى-كارلىق، دىلكارلىق، نەققاشچىلىق، كاھىشچىلىق، خۇمدانچىلىق، تۇشۇمالچىلىق، ماتېرىيالچى-لىق، سىر- بوياقچىلىق، تۆمۈرچىلىك، لايىھەچىلىك، يېزىقچىلىق، ئارخىپچىلىق، مەسلىھەتچىلىك،

www.uyghurkitap.com

ئۇستىكارلىق ... بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، كەسىپلەنگەن ئورۇن ۋە ھۈنەرۋەن كوچىلىرى يېتىشتۈرۈش، كۆپەيتىش، ئەتىۋارلاش، مىماركارلىقنى تاۋارلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، ئامما-ۋىلاشتۇرۇش، ئۇستىلاشتۇرۇش ۋە قانۇنىي قائىدە - مىزان - رەسالىلەر ئاساسىدا يۈرۈشتۈ-رۈش ... ئىشلىرىنى جانلاندۇرغان. ئاۋات، كەلپىن، مەكىت، مارالبېشى، پەيزاۋات، چىرىيە، كىرىيە، قاغىلىق، پوسكام، توقسۇ، نىيە، چارقىلىق، ئۇلۇغچات قاتارلىق جايلارغا بازار سال-غان ياكى كېڭەيتىپ سالغان. بەدەن، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، ئۈچتۇرپان، يېڭىسار، تۇرپان، قۇمۇل، قاراشەھەر... لەرنى مېمارچىلىق جەھەتتە يەنىمۇ كۆجۈملەشتۈرگەن. بۇ زامان شەھەر-لىرىنىڭ شەكلى توغرىسىدا ھۆرمەتلىك مۇئەللىپ ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ۋارىسى مۇنداق يازىدۇ: «... مىلادى 1533 - يىلىدىكى قەشقەر شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپى جانقورغان، شەرقىي تەرىپى بۇلاق بېشى، تۆشۈك دەرۋازىسى، غەربىي تەرىپى ئوردا ئالدى ۋە خام بازىرىغىچە بولۇپ... — (كېڭەيتىلىپ - ئا) شەھەردىكى ئاساسلىق كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە قول ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا - سېتىق دۇكانلىرى ۋە تۈرلۈك مۇلازىمەت ئورۇنلىرى ياسالغان...» («شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1986 - يىل 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى سانىدىن). بەزىبىر يەرلىك خاتىرىلەردە يەكەن شەھىرىنىڭ چوڭلۇق ئىسكەتى پۈتۈن سەئىدىيەلەر ئىلكىدىكى شەھەرلەرنىڭ ھەر قانداقىدىن خېلىلا چوڭلۇق ھالىتىگە كېڭەيتىلگەنلىكى، شەھەرنىڭ ئېگىز ھەشەمەت تۈرلىرى — (سەلتە-نەت مۇنارلىرى، ھەربىي كۆزىتىش قاغالىرى، دىنىي جارچىلىق پەشتاقلىرى، سەيلە - ساياھەت كۆزنەك قىلىنغان ئېگىز راۋاقلار...) 30 — 40 چاقىرىملىق يىراق كۆجۈم مۇساپىلەردىن كۆرۈ-نۈپ تۇرىدىغان ئېگىزلىك ئىسكەتىدە بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن ۋە تەسۋىرلەنگەن.

«تارىخنامە ئابدۇرەشىتخان» قولىيازمىسىدا بايان قىلىنغان تەرىپ تەسۋىردە سەئىدىيە-لەرنىڭ 7 - قېتىملىق تەخت ۋارىسى — ئەھمەتخان ئوغلى ئابدۇلتىپخان زامانلىرىدىكى — (1620 — 1630 - يىللار ئارىلىقىدىكى) ئويغۇر يۇرتلىرىدا جەمئىيەت ئۈچۈن راۋان خىزمەت قىلىدىغان 437 ھاممام — (مۇنچا)، 2263 ھەر خىل مەكتەپ، 835 كۆل، 1736 ساراي — (لەن-گەر)، 992 تۈگمەن، 198 جايدا بازار، 163 قازما بۇلاق، 6985 ئۆتەڭ — (قونالغۇ)، 1564 مە-تالچىلىق كارخانىسى ياكى شىركەت، 641 توقۇمىچىلىق كارخانىسى، 3650 نەچچە موزدۇزلۇق، تېرە پۈرۈشلۈق كارخانىلىرى، 1075 باش كىيىم كارخانىسى، 8799 تونۇرلۇق يېمەكلىكلەر دۇكىنى، 640 خانىلىق ئاشخانا، 5864 كەسپىي تىجارەت ئاماقخا-نىلىرى، توققۇز چوڭ شەھەر ... لەرنىڭ بارلىقى تەكىتلەنگەن (شۇ زامان جەمئىيىتىنىڭ ئومۇ-مىي تۈرقى، جۈملىدىن مىماركارلىقىغا دائىر بەزى ئىز - دېرەكلەر مۇشۇ ژۇرنالنىڭ 1988- يىل 1- سان 29 — 30- بەتلىرىدە «يازما يادنامە» ماۋزۇسى بىلەن كۆرسىتىلگىنى ئۈچۈن بۇ يەردە تەكرار توختالمىدىم — ئا).

### «تەنەپپۇسلۇق سوۋغىلار» دىن

قىممەتلىك گۆھەردىن قىممەترەك ھۈنەر،
ھۈنەر بولسا ئىشقا يارايدۇ گۆھەر.

ھۈنەر بىلەن ئەقلىڭ بىرلەشكەن ھامان،
ھەر ئىش بۇ جاھاندا يۈرۈشەر راۋان.

گەر كاسىپ مۇساپىر بولسا يات يۇرتتا،
زارلاش دېگەننى بىلمىگەي ئەسلا.
كەچتە ئاچ يېتىشقا بولىدۇ مەجبۇر،
ئۆز يۇرتىدا تەختتىن چۈشسە پادىشاھ.

ئۆمۈرنى پايدىسىز ئۆتكۈزۈش دېمەك،
ئالمىغان نەرسىگە ئالتۇن تۆلىمەك.

ئادەمنىڭ قىممىتى ئەمەس كىيىمى، زەر،
ئادەمنىڭ قىممىتى بىلىم ھەم ھۈنەر.
ھۈنەر سەۋەبىدىن، باققىن، دۇنيادا
خوجىسىدىن قەدىرلىك بولار كۆپ قۇللار.

ھۈنەرسىز بولغاچقا قالىمەلاپ خوجا،
ئامالسىز قالماقتا قۇللار ئالدىدا.

ھېچكىمگە يېلىنماس ھۈنەرلىك ئادەم،
رىزقىنى بېغىدىن تاپىدۇ باغۋەن.

ئىلىم - ھۈنەرنى بىلمەستىن ئىنسان،
بەختى ئىشىكىنى ئاچالماس ھامان.

(ئەبۇشۈكۈر بەلخى، سەئدى شىرازى، ئابدۇراھمان جامى، ئابدۇقادىر بېدىل ... لەر شېئىرلىرىدىن)

## 2. ئۇيغۇر مىماركارلىقىدىكى ئۆزگىچە شەكىللەر

مىماركارلىق سەنئىتىمىزنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى بىلەن شەكىللەر مەنبەلىرى قەدىمدىن بۇيان ئەجدادلىرىمىز ياشاپ كەلگەن يۇرت - ماكانلىرىمىزنىڭ تەبىئىي مەنزىرىلىرى، ئاسمان جىسىملىرى (ئاي، كۈن، يۇلتۇز، نۇر، نۇرلار كۆرۈنۈشلىرى ...)، ئۆسۈملۈك، ھايۋانات، جانلىق-جانسىز تەبىئەت كۆرۈنۈشلىرى، ئېتىقاد، تارىخ، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرگە ئائىت كۆرۈنۈشلەر، تۇرقلارنى كۆزنەك قىلىپ شەكىللەنگەن ۋە مەنبەلەر ئاساسىنى ھاسىل قىلغان. بىزگە ئايانكى، يۇرتىمىز ــ ھەممە تەرىپىدىن ئاسمان پەلەك (قار - مۇز چوققىلىق) ئېگىز تاغلار بىلەن ئورىلىپ، چەكسىز ئورمان، چىمەن ۋادىلىرى، چۆل، قۇم، باياۋانلار، ئەڭ قەدىمىي يۇرتلار، شەھەر، دەريا، كۆل، ۋادىلار... بىلەن شەكىل تاپقان ئالاھىدە كۆرۈنۈشلۈك زېمىندۇر. ئەنە شۇ تاغلار بىزنىڭ زېمىنىمىزنى، شۇ زېمىن ئەجدادلىرىمىزنى يارىتىپ، ئۆستۈرۈپ، ئاۋۇتۇپ بالاغەتلەندۇرگەن سۈت ئانىلىرىمىزدۇر، تارىخىمىزنىڭ جېنى، قېنى ھەم بۆشۈكىدۇر. قەدىمىي ئەجدادلىرىمىز ئەنە شۇ قىممەتلىك مەنبەلەر ئېنىقراق ئېيتقاندا تەڭرى تاغلىرىنى، ئالتاي پامىر، قارا قۇرۇم، كوئېنلۇن، ئالتۇن تاغ.. ئېگىزلىكلىرىنى تارىختا ياراتقۇچى خۇدالىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلاپ ئۇنى ئۆز ئارزۇ، بەخت، شۆھرەتلىرىنىڭ مەڭگۈلۈك سىمۋولى قىلىۋېلىشقان. ئىنسانلار ــ جۈملىدىن ئەجدادلىرىمىز تارىختا ساپالچىلىق مەدەنىيىتىگە قەدەم قويغان چاغلاردىمۇ بۇ ئارزۇ، بەخت سىمۋولىنى ئۆزلىرى كەشىپ قىلغان ساپال بۇيۇملارنىڭ تۇرقلىرىدا ئىپادىلەشكەن. بۇ خىل تارىخىي قىممەتلەر توغرىسىدا يولداش چەن كې «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982- يىل 3- سانىنىڭ 150- بېتىدە مۇنداق يازىدۇ: «...قەدىمكى زاماندىكى شىنجاڭنىڭ ئەمگەكچى خەلقى (ئۇيغۇرلار ئەلۋەتتە-ئا) تەتۈر ئۇچ بۇرجەكنى رەڭلىك نەقىش قىلىپ سىزىشتىن ئىبارەت بەدىئىي ۋاسىتە ئارقىلىق بۇ خىل رېئال تەبىئىي مەنزىرىنى ئەپچىللىك بىلەن كۈندىلىك ئىشلىتىدىغان ساپال قاچىلىرىدا كۆرسەتكەن، بەلكى ئۇستىلىق بىلەن رەڭلىك ساپال قاچىنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدىكى ئېغىزىدا سىزىپ قارلىق تاغلارنى تېخىمۇ ئېگىز قىلىپ كۆرسەتكەن. ئەمەلىي تۇرمۇشنى مەنبە قىلغان بۇ خىل بەدىئىي ئىجادىيەت ھەقىقەتەن كىشىنى قايىل قىلىدۇ...» دەرۋەقە بۇ ئۇچ بۇرجەكلەر دەل ئەنە شۇ ئېگىز تاغلارنىڭ سىمۋولىدۇر. كېيىنچە تەبىئىي يېنىنىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا بۇ خىل ئۇچ بۇرجەكلەر تەدرىجىي ئۆزلىرى قوللىنىلغان ئورۇنلاردا تەرەققىي قىلىپ ياي ئارقىلىق چىقىرىلغان گەۋدە ۋە گەۋدىنى چوققىغا تۇتاشتۇرغۇچى ياي سىزىقىغا ئىگە مۇكەممەل كېيىنمىتىرىك شەكىلگە ئايلانغان. ئۇ مەزمۇت گەۋدە ۋە ھەيۋەتلىك چوققىغا

ئىگە تاغنىڭ سىمۋولى بولۇپلا قالماستىن بەلكى كۆركەم ۋە گۈزەللىككىمۇ ئىگە بولغان مۇكەممەل شەكىلدۇر.

...ئەڭ بۇرۇنقى ئۆي- ئىمارەتلىرىمىز- دەپ يازىدۇ- يولداش ھاجى مەتتۇسا- «*شەكىللىنىدىكى ياغاچ كەپە بولۇپ، بۇ خىل قۇرۇلما ئىنشائات مېخانىكىسى نەزەرىيىسى ئەمەلىيىدا گېئومېترىيىلىك شەكلى ئۆزگەرمەيدىغان سىستېما دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ تۇرغۇنلۇقى ئەڭ ياخشى ھېسابلىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كۆرسىتىلگەن ئۈچ ئاياغ تۆمۈر ئوچاق، ئۈچ پۇتلۇق كۇرسى، قازان توختىتىش ئۈچۈن قويۇلغان ئوچاق ئۈستىدىكى ئۈچ نۇقتا، ئەنئەنىۋى ساپالچىلىقىمىزدىكى تەيمە چاقلىق قۇرۇلما دەستىسى، ئۈچ پۇتلۇق داڭقان، ئۈچ پۇتلۇق چۆگۈن قاتارلىق ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن قارىغاندا ئۇلار تۇرغۇنلۇقى ئەڭ مەزمۇت، ئىشەنچلىك قۇرۇلمىنىڭ ئۈچ پۇتقا ئىگە بولىدىغانلىقىنى قەدىمدىلا يەكۈنلەپ ئۇنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەمەلىي تۇرمۇشتا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىپ ھازىرقى زامان گېئومېترىيىسىدىكى «بىر تۈز سىزىقتا ياتمايدىغان ئۈچ نۇقتا بىر تەكشىلىكنى بەلگىلەيدۇ...» دېگەن تېئورېمىغا ئاساس سالغاندۇر. كېيىنچە ئىككى قەۋەتلىك ساتما ياكى قالىق ئۆي پەيدا بولغان... («شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»-ئىچكى ژۇرنال 1986 - يىل 10- سان)

دېمەك ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئېتنىك ھۈنەر شەكىللىرىدىن بىخلىنىپ تەرەققىي قىلىپ مىللىي خاسلىق ئالاھىدىلىكىنى زادىلا يوقاتماي كەلگەن بۇ شەكىللەر مەنبەلىرى- خۇددى دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاقلىق مىمارچىلىق تەتقىقاتچىسى ۋاڭ شىرېن ئەپەندى ئېيتقاندەك: خەنزۇلارنىڭكىدىن پەرقلىنىدىغان، ئۆز تەرەققىيات يولى ۋە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە شەكىللەردۇر. ۋاڭ شىرېن ئەپەندى يەنە مۇنداق يازىدۇ: «... ئۇنى زورمۇ-زورۇ خەنزۇچە ئۇسلۇبتىكى مىمارچىلىققا چېتىۋېلىشنىڭ ھاجىتى يوق...»(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى»- ئىچكى ژۇرنال 1986- يىل 10 - سان 12- بەت)

شەكىللەرنىڭ ھاسىل بولۇش مەنبەسى، مەنبەلەرنىڭ ئاساسى ھەم بۇ خىل شەكىل مەنبەلەر ئاساسىدا مۇكەممەللەشكەن ئۇيغۇر مىمارلىقىنىڭ مۇكەممەل شەكلى قۇرۇلمىلىرى سەئىدىيىلەر ئالتۇن چاغلىرىغا كەلگەندە يەنىمۇ كۆركەملىشىش، گۈللىنىش، كېيىنكى زامانلار ئۈچۈن كۆزنەك بولۇش ۋە ئەڭ ئامموۋىلىشىش تەرەققىيات يولىغا يۈزلەنگەن. يەنى بۇ شەكىل پۈتۈن جەمئىيەتتە خانلىقنىڭ ھەشەمەتلىك قۇرۇلۇشلىرىدىن تارتىپ تاكى مۇساپىرلارنىڭ تۈنەكخانىلىرىغىچە، يەر ئاستى، يەر ئۈستى، كۆچمە، كۆچكۈن، مۇقىم، مۇقىمسىز... ئىنسان تۇرار جايلىرىنىڭ ھەممە تەركىب تارماقلىرىغىچە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان ماددىي، مەنىۋى ئادەت، كۆزنەك ئۆلچىمى، خەلقىنىڭ شەكىل مىزانى بولۇپ ئومۇملاشتۇرۇلغان. شۇ زامانلاردىكى ئۆي- ماكان قۇرۇلمىلىرىنىڭ بۇ خىل گۈزەل شەكىل تۈرلۈك مىزانلىرى ۋە كۆزنەكلىرى توغرىسىدا شۇ زامانلاردىن بىزگىچە يېتىپ كەلگەن بىزنىڭ يازما خاتىرىلەرمۇ يوق ئەمەس. بۇ خىل خاتىرىلەرنىڭ مەزمۇن ئورتاقلىقى بىردەك بولۇپ، ئۇنىڭ يىغىنچاق تەرجىمىسى مۇنداق قەلەملەشتۈرۈلۈشكە بولىدۇ: ئۆمۈرلىرىنى مەنا، ھەۋەس، نام- نىشان بىلەن ئۆتكۈزمەككە نىيەت قىلغۇچى، ئەجداد ئىزىنى باسقۇچى، مىراس تۇتقۇچى، نەسەب- ئەۋلادلىرىغا ئىز- نەمۇنە، تۆھپە- تەۋەررۇكات بەخش ئەتكۈچى ھەم بۇ خىل زۆرۈرىيەتلىرىنى ئەجدادى قەرز- مەجبۇرىيەت بىلگۈچى جىمىكى سەئىدىيلىق ئىقلىم -(سەئىدىيىلەر زامانى) ئەھلى يارانلىرىغا، ئۇلۇغ خانلارنىڭ

شاپائەت، ئىلتىپات ھامىلىقىدىن بەھرىلەنگۈچى جاھانسازلارنىڭ جىمىسىگە، جاپىمىسىزنىڭ زامانى ئەۋۋەلدىن زامانى ئاخىرىغىچە ئۇندۇرمە ئەزىزانلىرى ھېسابلىنىدىغان قان- قېرىنداشلىرىمىزنىڭ جىمىكى جەم ۋە يەككىلىرىگە تاڭلا مەھشەرگىچە ۋاجىب ھەم ۋەزىپە ھېسابلانغايكى، بىزنىڭ نەسلى- نەسەبلىرىمىز ئەزەلدىن ھازىرلا ئۆلگۈچىلەر قاتارىدىن ئىبادەت قىلىدىغان، مەڭگۈ ئۆلمەسلىك مۇددىئالىرى بىلەن جاھان تۇتىدىغان نەسەبتۇر. كۆرۈمسىز- (كىشىلەرنىڭ ھوزۇرى نەزەرلىرى چۈشمەيدىغان) قازىملارنى يەنى گەمە، گەرەم، ئۆڭكۈر، يار تۆشۈكلىرى، سۆڭگۈچ، ناباپ ياپىلارنى، شەھەرتكە نۇقسان، ھاياتقا خورلۇق، ئىنسانغا مالال بولىدىغان، سىدام، قاراڭغۇ، زەي، زىمىستان، نىجىس خانىلارنى، نادان، بېخىل بايلارنىڭ مال- ھايۋان ئېغىللىرىغا ئارىلىشىپ، ياندىشىپ تۇرغان ئىنسان تۆشۈكلىرىنى، دەل- دەرەخسىز، تەييار خارابە، مۇت ۋەخىمە، تاشلاندى... ياپىلارنى ماكان تۇتقۇچى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى پاك زېمىنىمىز ئۈچۈن ھارام يۇك ھېسابلانغاي، خار، بىئېتىۋار، ناخۇش، ئەقلىتۇرەلمىگەن كىشىلەر جۈملىسىدە قالغاي... ئۆي- جاينى- تۇرار- كىرەر جاي- ماكانلىرىنى چىرايلىق، ئازادە ھەم كۆڭۈللەرگە راۋا، باپ تۇتماق، تەييارلىماق ھەر بىر ئىنساننىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى، ئۇلۇغ زاماندارلار ئالدىدىكى، ھەر بىر جان ئالدىدىكى قەرز ۋە زۆرۈرىيەتلىرىدۇر... بىز بۇ تەر- پاتتىكى «چىرايلىق»، «ئازادە»، «راۋا»، «باپ» سۆزلىرىنى ئومۇمەن شۇ زامانلاردىكى مېمارچى- لىقىمىزنىڭ نەقىشلىنىش، گۈزەل، كۆركەم، پۇختا، باپ ياسىلىش، پەردازلىنىش ئۇقۇمىدىن چۈشىنىمىز.

### 3. پەرداز ۋە پەۋاز نەقىشلىرى

سەئىدىيەلەر زامانلىرىدىن بۇيان، بىزنىڭ مېمارلىق تۇرمۇشلىرىمىزدا ساقلىنىپ كەل- گەن ۋە كېلىۋاتقان ئۇيغۇرچە پەرداز ۋە پەۋاز نەقىشلىرىنىڭ ھازىرقى چاغلاردىكى مىسالى تۈرلىرىنى تۆۋەندىكىچە يەنى شەۋلان، كۆپۈشەك، كەكلىك قېشى، قەنخىش، توقۇناق، زەنجىر بادامچە، پىلتە، يازا، غۇنچە، زۇنجى، نەمۇيان، ناۋا، سۇفەر، شوئارغۇنچە، ئانار، چېچەك مودەن، ئۈزۈم، سۇلا، شەددە، يورۇق، پىنچە، زەمىس، ئېسىلما، سەبدە، گۈنچە، مۇپەددەس، گۈلشەن، قوشقۇراق، نەستە، كەلكۈن، بەنچە، بېلىق قاسىرىقى، رىشات، ھونەن، شەمشى، ھەشقىپېچەك، قەمەرچە، ساندۇقچە، گىزەك، تالا، يۇلتۇز، يوپۇرماق، تۇمارچە زەنجىر، پەتنۇس، قىيپاش زەنجىر، گۈل- گىيا قاتارلىق گېئومېترىيىلىك سىزىقلارنى سىۋۇزىت قىلىغان شەكىل- تۈرلەر بويىچە ئاتاپ ئۆتۈش مۇمكىن. مېمارلىقىمىزنىڭ پەۋاز-گىرۋەك ۋە قوندۇرۇلمىلىق ئورۇن، بۆلەكلىرىدە ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك بولغان بۇ نەقىش شەكىللىرى ئومۇمەن بىر- بىرىگە ماسلاشتۇرۇلغان ياكى ئۆزگىچە ماسلاشتۇرۇلغان ھالەتتە ھازىرقى چاغلاردىكى جامە، مەسچىت، خانىقا ئىمارەتلىرى، ئەسلەش، ئۇلۇغلاش قۇرۇلمىلىرى، ئايۋان، سارايلار، ئويۇن، ھوزۇرى- تاماشىلار ئۈچۈن تەقلىد قىلىنغان شەھەرتلىك ئىمارەتلەر، زال، كۇلۇب، تىياتىر بىنالىرى... گىلەمچىلىك، كۇلالچىلىق، كەشتىچىلىك، توقۇمىچىلىق، باسما، ئويمىكەشلىك، زەرگەرلىك، مىسكەرلىك، ياغاچچىلىق، قىرغۇچىلىق ھۈنەر- پەشمەتلىرىمىزدە يەنىلا ئۆز قىممىتى بىلەن قەدىرلىنىپ ھەم ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# بالىغا ئىسىم قويۇش

(ھېكايە)

ئابلەت ئابدۇللا

چىرايلىق جاھازلانغان ئۆيدە ياش ئەر-ئايال بىر-بىرىگە دومسىيىپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئۇلار باياتىن بېرى دەتالاش قىلىشقانىدى. بۇ دۇنياغا يېڭى كۆز ئاچقان بوۋاق بۇ كۆڭۈلسىز دەتالاشنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر بەخىرامان ئۇخلاۋاتىدۇ.

ئادەتتە ئۇيغۇرلاردا بالا تۇغۇلۇپ يەتتە كۈن ئىچىدىلا ئەزان چىللاپ ئىسىم قويۇلىدۇ. بۈگۈن بوۋاق سەككىز تاڭنى قارشى ئالدى، بىراق ئۇ تېخىچىلا ئۆزىنىڭ مۇبارەك ئىسمىغا چىللانغان ئەزاننى ئاڭلىمىدى. بوۋاقنىڭ ياش، چىرايلىق ئاتا-ئانىسى بوۋاققا قويۇلغۇسى ئىسىمنى ئۆز ئىسمىنىڭ قاپىيىسىگە تارتىپ سەككىز كۈننى ئۆتكۈزۈۋەتتى. باياتىن بولۇۋاتقان دەتالاشمۇ مۇشۇ ئىش ئۈستىدە ئىدى.

خەيرىيەت، ياش ئاتا خۇشال بولۇپ، ئورنىدىن ۋارقىراپ تۇرۇپ كەتتى:

— تاپتىم، تاپتىم، ئاخىرى تاپتىم. ئاجايىپ چىرايلىق ھەم مەنىلىك ئىسىم تاپتىم. بۇنى سەن ئويلاپمۇ تاپالمايسەن. نېمە دەمسەن، مانا ئاڭلا: «مۇھەببەت»، «مۇ... ھەب... بەت!» قانداق، چىرايلىقمىكەن، ئىككىمىزنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببىتىمىزنىڭ بەلگىسى. «مۇھەببەت — ئەخمەت!» قاپىيىلىك ھەم يېقىملىق...

— ياق بولمايدۇ! — ئايالى ئېرىنىڭ سۆزىنى كەسكىن بۆلۈۋەتتى، — خەلچەمنىڭ مۇھەببەت دېگەن قىزى بار. ئۇنىڭسىزمۇ ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى چوڭقۇرغۇ... مەن دېگەن ئىسىمدىمۇ سىزگە، قىزىمىزغا ھېچكىم قويمىغان ئىسىمنى قويىمىز دەپ، يەنە دېسەم يەنە دەيدىكەنسىز. مەن قورساق كۆتۈرگەندىلا ئويلاپ قويغان: «نىيا... دى... رە!» شاكۇرە — نادىرە، تازىمۇ چىرايلىق. نادىرە — ئەخمەت دېسە ئېيىشقا بولمايدىكەن؟!

— بولمايدۇ. قاپىيىسى كەلمەيدۇ.

— ۋاي-ۋۇي نېمە دەيدىغانسىز، بالا تۇغۇلغاندا قاپىيىسى بىلەن تۇغۇلاتتىمۇ؟!...

— نادىرەنىڭ مەنىسى نېمە ئەمىسە، ھە، ئېيتە قېنى، مۇھەببەت قويىمىز.

— ياق، ياق! نادىرە قويىمىز، — ئايال گېپىدە چىڭ تۇرۇپ بالىنى قولىغا ئېلىپ ئەركىلەتتى، — نادىرە، مېنىڭ قىزىم نادىرە...

— مۇھەببەت دە دەيمەن، ھوي كالۋا، بالىنىڭ قۇلىقىغا سىڭىپ قالىدۇ.

— نادىرە، ئاپئاق قىزىم نادىرە!

— مۇھەببەت دە دەيمەن، ئەكە بالىنى!

— بەرمەيمەن!

— ئەمىسە مۇھەببەت دە دەيمەن، مۇھەببەت دەمسەن دېمەمسەن؟

— دېمەيمەن!

— دەيسەن!

— دېمەيمەن دېدىم، دېمەيمەن!

## تۇرمۇش ئەينىكىدە

— ھۇ ئاناڭنى!... ھېلى مۇشۇ بالىنى دېرىزىدىن تاشلىۋېتىپ بىراق كۆرىمەن.

ئەر ئاچچىقىدا بالىغا تەمشىلىپ قەدەم تاشلىدى، ئايال چىرقىراپ، بالىنى مەھكەم باغرىغا بېسىپ يېتىۋالدى.

شاكۇرەنىڭ ئەنسىز ئاۋازىنى ئاڭلاپ قوشنىسى رىزۋان دېگەن ئايال يۈگۈرۈپ كىردى - دە، ئۇلارنى ھەسەن قارىمنى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشقا ئاران كۆندۈردى.

— بوپتۇ، ھەسەن قارىكام نېمە قويسا شۇ ھېساب، — دېدى ئەخمەت ئاچچىقىدىن يېنىپ ۋە رىزۋان ھەدىنى ئۇزاتقاچ، — مەن بۇ ئۆيدە ئەرمۇ — ئايالمۇ.. ۋاي دەپ قويسام بۇ - نىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى قارىكا، رىزۋان ھەدە، — دەپ كوتۇلدىدى.

ھەسەن قارىم كەلدى. ئۇ كۆزەينىكىنى تاقاپ، بالىغا مۇۋاپىق ئىسىم ئىزدەپ، كىتابىغا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن تىكىلىپ ئولتۇردى. بۇۋى مەريەم ئانىمىزدىن تارتىپ، تا ھازىرغىچە قويۇلۇپ كېلىۋاتقان ئىسىملارنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بىر ھازا سۆزلىدى. ئاخىرى كۈلۈمسىرەپ:

— تاپتىم، بالىلىرىم تاپتىم، بالىغا ئەڭ لايىق ئىسمى - شېرىپ تېپىلدى. بالا ئايدەك چىرايلىق، كۈندەك نۇرلۇق ئىكەن. شۇڭا بۇ بالىغا «شەمس قەمەر!» دېگەن ئىسىم تولىمۇ باپ. جامالىغا ھۆسن، ئىقبالىغا نۇر بولىدۇ. شەمس — كۈن، قەمەر — ئاي دېمەكتۇر. سىلەر ياشلار بۇنى بىلمەيسىلەر! — دېدى.

بۇ ئىسىمنى ياش ئەر - ئايال خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى. شۇڭا ئەر - ئايال بىر - بىرىنىڭ كۆزىگە قارىشىۋالدى ۋە ئىلاجسىز بالىنى قارىمنىڭ ئالدىغا ياتقۇزۇشتى. قارىم ئەزان چىللاشقا ئەندى تەرەددۇت قىلىۋاتاتتى، شاكۇرە ھالسىز ئاياغلىرىنى بې - سىپ، قارىمنىڭ يېنىغا كېلىپ پىچىرلىدى:

— قارىكا، سىلىدىن ئۆتۈنەي، «نادىرە» دەپ قويسىلا، نادىرە چىرايلىق ئىسىم.

شاكۇرەنىڭ چىدىيالمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئەخمەتمۇ قارىمنىڭ يېنىغا كەلدى:

— قارىكا، مۇھەببەت قويسىلا، مۇھەببەتمۇ ياخشى ئىسىم.

— ياق، قارىكا، نادىرە قويسىلا، نادىرە دەپلا ئەزان چىللاۋەتسىلە بولىدىغۇ...

— ياق، ياق، بولمايدۇ، قارىكا، مۇھەب - بەت دەپلا ئەزان چىللىسىلا!

تەڭقىسلىقتا قالغان قارىم ئىككى تەرەپتە تۇرغان ياش ئەر - ئايالغا ھەيران بولۇپ، نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇلار «قا - رىكا - قارىكا!» دەپ قوشقاچتەك ۋىچىرلە - شاتتى، يالۋۇرۇشاتتى. بىرۋاق يىغلاپ كەتتى. شاكۇرە بالىنى قولىغا ئېلىپ، يىغلامسىراپ قارىمغا يالۋۇردى:

— جېنىم قارىكا، مەن دېگەننى قويسىلا - چۇ، بۇ قىز ئەمەسمۇ، قىز...

— ئۇنىڭ دېگىنىنى قويمىسىلا قارىكا، ئايال كىشىنىڭ گېپىگە كىرمىسىلە، مەن دېگەن قىزنىڭ ئاتىسى!

— مەن دېگەننى قويمىسىلا قويدۇرمايمەن قارىكا، بۇ مېنىڭ بالام، بۇنى مەن تۇغقان، مەن تاپقان...

— نېمە، بۇنى مەن تاپماي سەن تاپتىڭما، بۇ مېنىڭ بالام ئەمەسما، ھۇ ئاناڭنى، بۇ كىمنىڭ بالىسى ئەمىسە ھە؟!...

ئەخمەت غەزەپ بىلەن ئايالىغا دۈۋەيلىدى. شاكۇرە يەنە چىرقىراپ كەتتى. قورقۇپ كەت - كەن قارىم ئاستا تىكىۋەتتى.

قارىمنىڭ گەۋدىسى ئۆيدىن يوقالغاندىن كېيىن شاكۇرە يىغلامسىراپ كۆكەملىك بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئۇرە، ئۇر قېنى، سېنى ئۇرسۇن دەپ تەگكەن ئەمەسمۇ، مەن سېنى ئۇرسۇن دەپ ئاچچىق تولغاق يەپ تۇغقۇز ئاي، تۇغقۇز

(ئاخىرى 78- بەتتە)



# كىتابلار زارى

(فېلىيەتون)

غەنىزات غەيۇرانى



توۋا قىلدىم، كىتابلارمۇ سۆزلەيدىكەن، بېشىغا دەرد كەلسە ھەتتا يىغلايدىكەن.

بىر كۈنى مەن ماتېرىيال بۆلۈمىگە كىرىپ كىتاب جاۋەنلىرىدىن ماتېرىيال ئاختۇرۇۋاتاتتىم. ماڭا يېقىنلا بىر يەردىن غايىبىتىن كەلگەندەك غەلىتە بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن ھاڭ - تاڭ بولۇپ ئەتراپقا قارىدىم. ماتېرىيال بۆلۈمىدە شۇ بۆلۈمگە قارايدىغان ئايال بىلەن ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى (ئۇ ئايالمۇ مۈگدەپ ئولتۇراتتى). بۇ ئاۋاز ئادەمنىڭ ياكى قۇشلارنىڭ ۋە ياكى باشقا نەرسىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايتتى، لېكىن سۆزلىرى ناھايىتى ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئىدى. مەن ئاۋاز چىقىۋاتقان ئىشكاپنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى چىمچىلاق قول پاتقۇدەك ئاراچقا قۇلىقىمنى يېقىپ، ئاۋازغا قۇلاق سالدىم. بىر كىتاب مۇنداق دەپ سۆزلەۋاتاتتى:

— . . . خېرىدارى يوق كىتاب بولۇپ نەشر قىلىنغۇچە دۇنياغا كەلمىگەنىمۇ ياخشى ئىكەن. مانا بىزنىڭ نەشر قىلىنغىنىمىزغا ئۈچ يىلچە بولۇپ قالدى. بىز نەشىردىن چىقىپ كىتابخانا پوكىيىگە تىزىلغاندا خۇددى مىڭلاپ كىشى قارشى ئېلىشقا چىققان ھۆرمەتلىك مېھماندەك

كۆلكە يېيىپ تۇرغان چىرايىمىز بىلەن ئەتراپقا مەغرۇرانە قارايتتۇق. خېرىدارلار بەس-بەس بىلەن سېتىۋېلىپ شۇ يەردىلا ئوقۇشقا باشلايدىغانىدەك ئۈمىدۋارلىق بىلەن تەلمۈرەتتۇق. دەسلەپكى كۈنلەردە بەزى كىشىلەر بىزنى قولىغا ئېلىپ، ئۇ يەر- بۇ يەرلىرىمىزنى ۋاراقلاپ باقسىمۇ، لېكىن قايتۇرۇپ بېرەتتى. كېيىن بىزنى سوراپمۇ باقمايدىغان بولدى. كۈنلەر، ئايلار ئۆتتى. كىتابخانىلارنىڭ قولىدىن چۈشۈرمەي ئوقۇيدىغان يېقىن دوستى بولۇپ قالساق دېگەن ئارزۇيىمىز ئاستا - ئاستا يوقىلىپ، چىرايىمىزنى مەيۈسلۈك، قەلبىمىزنى ھەسرەت قاپلىدى. بىزنىڭ يېنىمىزغا تىزىقلىق كىتابلارنىڭ ھەر كۈنى سېتىلىپ تۈگىگەنلىكىنى، ھەتتا بەزىلىرىنىڭ تېخىلا تۈگىمەي خېرىدارلارنىڭ يەنە تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىنىمىزدا نومۇستىن يېرىلغۇدەك بولاتتۇق. سېتىلماي تۇرۇۋەرگەنلىكىمىزدىن پوكەيگىمۇ ئارتۇقچە يۈك بولۇپ قالدۇق. ئاخىرى ئورنىمىز پوكەي ئاستىغا ئالماشتى. شۇندىن كېيىن بىزنى كىتابخانىلارلا ئەمەس، ھەتتا پىركازچىكلارمۇ ئۇنتۇدى. شۇنداق قىلىپ بىر قىسمىمىز ئۇ يەردە، بىر قىسمىمىز ئامباردا توپا-چاڭ ئاستىدا قالدۇق. ئارىدىن بىر يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن مۇشۇ ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ باشلىقى، ماتېرىيال بۆلۈمىدىكى يوق كىتابلارنى تولدۇرۇش يۈزىسىدىن كىتابخانىغا بېرىپ قېلىپ، ئۈچىمىزنى سېتىۋېلىپ كەلگەنىدى. شۇ چاغدا بىز «بىزنىڭ قەدرىسىز ۋاقتىمىز ئۆتتى» دەپ ئويلىغانىدۇق. ئەپسۇسكى، ئۇ ئويىمىزمۇ بىزنى ئالدىغانىكەن. چۈنكى، بىز بۇ يەرگە كەلگەن ئىككى يىلدىن بېرى بىر ئادەم بىزنى باشتىن-ئاياغ ئوقۇپ چىققىنى يوق. ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، بۇ ئىشكاپتىكى كىتابلار بىر كۈن ئىشكاپتا تۇرمايدۇ. تولا ئوقۇلۇپ بەزى كىتابلارنىڭ مۇقاۋىلىرىمۇ يىرتىلىپ كەتتى. بىزچۇ؟ چىرايىمىزنى توپا - چاڭ، قەلبىمىزنى ئېغىر ھەسرەت باسقاندىن باشقا، نەشىردىن چىققان پېتىمىز بىلەن. ھەي، خۇدا! . . . دۇنياغا ياراتمىساڭ مەيلى، لېكىن ياراتقان ئىكەنسەن، ئۇنى بىزدەك تەقدىرگە مۇپتىلا بولىدىغان قىلىپ ياراتماي، بەلكى خەلق سۆيۈپ ئوقۇيدىغان قىلىپ يارات. ئۇنىڭدىن خەلق نەپ ئالسۇن، — دېدى - دە، ئاۋازى ئۈزۈلدى. ئارقىدىنلا مىشىلدا يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. بىر ئازدىن كېيىن:

— ھۆرمەتلىك بۇرادەر، — دېدى يەنە بىر كىتاب ئاستا مىدىرلاپ، — سىزنىڭ دەردىڭىز ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەن. ئىلاھىم دەردىڭىز داۋا، رەنجىڭىز شىپا تاپقاي. لېكىن مېنىڭ دەردىمۇ سىزنىڭكىدىن يېنىك ئەمەس. مەن ئەسلىدە خېلى ئابرويلۇق، ئىناۋەتلىك، ھالال ئەمگەك بىلەن پۈتكەن بىر كىتاب ئىدىم. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى، ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى تەقىبلىنىش، كۆيدۈرۈلۈشتەك ھادىسىلەرگە يولۇقۇشقا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن شېرىكلىرىم تۈگەپ، تەساددىپى مەن ساقلىنىپ قالدىم. بىر كىشى ئۇرغۇن يوللارنى مېڭىپ يۈرۈپ ئاخىرى مېنى قولغا چۈشۈردى - دە، ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن ئىشىك - تۈڭلۈكلىرىنى تاقاپ، مېنى ئالدىراپ - تېنەپ ۋاراقلاشقا باشلىدى. شۇ چاغدا مەن: «ھە، بۇ بىر ئىلمىي تەتقىقاتچى ئىكەن، مېنى راۋۇرۇس تەتقىق قىلىپ مېنىڭ ھەققىمدە مۇنەۋۋەر بىر ئەسەر يازىدىغان بولدى» دەپ ئىنتايىن خۇش بولغانىدىم. نەدىكىنى، ئۇ «تەتقىقاتچى» مېنى تۈزۈكرەك ئوقۇپمۇ چىقمىدى. باب، ماۋزۇلىرىدا بىر قۇر قارىدى، ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىمگە سىزدى، بەلگە قويدى. كېيىن قەغەز-قەلەملىرىنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق بىر كۆچۈرۈشكە باشلىدىكى، توپتوغرا بىر ئاي كۆچۈردى. كۆچۈرگەندە قانداق دېگىن؟ بەزى ماۋزۇلىرىمنى پۈتۈن دېگۈدەك، بەزىلىرىنى يېرىم، بەزىلىرىنى بىر ئابزاس، بەزىلىرىنى باشتىن، بەزىلىرىنى ئاياغدىن، ئىشقىلىپ قەيەرگە كۆزى چۈشسە شۇ يەردىن كۆچۈردى. ئەمەلىيەتتە ئۇ بەزى ئەزالىرىمنى پۈتۈن، بەزىلىرىنى يېرىم، بەزىلىرىدىن كىچىك، بەزىلىرىدىن چوڭ، ئومۇمەن قولىغا قانچىلىك چىقسا شۇنچىلىك كېسىۋالغانىدى. كېسىۋالغان ئەزالىرىمدىن تەپچىرەپ قان چىقىشقا، بەدەنلىرىم سىرقىراپ ئاغرىشقا باشلىدى.

مەيدىكى خۇشاللىق ئويلىمىغان يەردىن چىدىغۇسىز ئازاب ۋە ھەسرەتكە ئايلاندى. ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك، دېگەندەك مېنىڭ شۇنچە ئازاب چېكىۋاتقانلىقىمغا قارىماي، قانداقتۇر ئېرى - بېرى قوراشتۇرۇلغان بىر ياغاچ ئىسكىلىتقا مېنىڭ چالا - پۇچۇق كېسىۋېلىنغان ئىزالىرىمنى ئالدىراپ - تېنەپ چاپلاشقا باشلىدى. يارەببىم! يۈرىكىمنىڭ كېسىۋېلىنغان قىسمى ئەسلى جايىدىن ئون سانتىمېتىر تۆۋەنگە، ئۆپكەمنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى ئوڭ تەرەپكە، قولىمىنىڭ بىرىنى گەجگىگە، بىرىنى كۆزۈمنىڭ يېنىغا، كۆزلىرىمنى يانتۇ ھەم بىرىنىڭ ئېقىيېرىق، ئاغزىم كالچۇك، چىشلىرىم تەرتىپسىز قېقىلغان قوزۇقتەك ئوڭغۇل - دوڭغۇل، ئېڭىكىمنى بوغدىيەكىمنىڭ ئۈستىگە چاپلاپ قويدى. قولۇمنىڭ بىرى قىسقا، بىرى ئۇزۇن؛ ئوڭ مۈرەم سول مۈرەمدىن بىر غېرىچ ئېگىز؛ پۇتلىرىم مايماق، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىزىم يوق؛ تىرنىقىم پۇتۇنلەي چىقمىغان، كالپۇكۇمنىڭ ئۈستىگە يېپىشتۇرۇپ قويۇلغان بۇرنۇم ھۆل تامغا پاتۇرۇپ قويغان مارجاندەك شۇنچىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئىشقىلىپ، بىرمۇ ئەزايىم ياكى پۇتۇن ياكى جايىدا ئەمەس ئىدى. قىسقىسى، گۈزەل قەشقەر قىزلىرىنىڭ چېۋەر قوللىرى بىلەن تىكىلگەن چىمەن دوپپىغا ئوخشايدىغان شۇنچە قامالاشقان، نازاكەتلىك ئىسكەتىم خۇددى توقامچى تىككەن كۆلاغا ئوخشاپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچتى - دە، ھوشۇمدىن كەتتىم. يىل ئۆتتىمۇ ئۇقمايمەن، بىر مەزگىلدىن كېيىن مانا مۇشۇ شەكىلدە يا يېڭى ئەمەس، يا كونا ئەمەس، ئۆزۈمگە ياراشمىغان غەلىتە كىيىم، قامالاشمىغان گىرىم بىلەن باشقا كىشىنىڭ نامىدا كىتاب بولۇپ چىقىپتىمەن. بۇ ماڭا ئېغىر ئەلەم قىلدى. نېمە ئىش بۇ؟ قېنى مېنىڭ ئەسلى ئىگەمنىڭ مېنى يېزىپ چىقىش يولىدا ئاققۇزغان ساپ، ھالال قان - تەرى؟ ئىنسان پائالىيىتىنىڭ پەقەت ھارماي - تالماي، جاپالىق ئەمگەك قىلغۇچىلار ئۈچۈنلا مەنسۇپ بولىدىغان قۇياشتەك نۇرلۇق، ئالتۇندەك ساپ مۇشۇ ساھەسىگە (ئىلمىي ساھەسىگە) قىزىلكۆزلۈك، ساختىپەزلىك ئارىلاشسا، ھەتتا مېنىڭ ھازىرقى «خوجايىنىم» دەك «غەلىبە» قىلسا، قالغان ئىشلار نېمە بولۇپ كېتەر؟ — دېدى - دە، جىم بولۇپ قالدى. شۇندىن كېيىن كىتابلاردىن زۇۋان چىقمىدى. ئەمما ھېلىقى ئىككى كىتابنىڭ ئۈن - تىنسىز ياش تۆكۈۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇ ۋاقىتتا پۈتۈن ماتېرىيال بۆلۈمىنى ئېغىر بىر سۈكۈنات باسقانىدى.

مېنىڭ قەلبىمدىمۇ بىر ھەسرەت دەرياسى دولقۇنلىنىۋاتاتتى. ئۆزۈممۇ شۇ دەرياغا غەرق ئىدىم. دېمەك، ئېسىمنى يوقاتقانىدىم. بىر ھازاردىن كېيىن ئېسىمنى يىغىپ ماتېرىيال بۆلۈمىدىن قايتىپ چىقتىم ۋە ئىشخانامغا كىرىپ بۇنى يېزىشقا كىرىشتىم. تىلىمنىڭ كەمبەغەل ۋە قوپاللىقى، قەلىمىمنىڭ ئاجىزلىقى ئۈچۈن ئەيىبلەنسەم قولۇم كۆكسۈمدە، لېكىن پاكىتلارنىڭ ئېنىق، جۈرئىتىمنىڭ توغرىلىقىغا ئىشەنچىم كامىل . . .

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت

(بېشى 75 - بەتتە)

كونا قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان ئەمەسمۇ، ھۇي، يۈزى يوق ھاراقكەش، تۇغۇتلۇق تۇرسام ئىزا تارتماي قارىكامىنىڭ ئالدىدا . . . نومۇسسىزا . . .

— نومۇسسىز دېگەن سەن، كۆكەمە قازجۇق، بۇ بالىنى سېنىڭ ئەمەس دەيسىنا! . . .

شاكۇرە ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي ۋارقىرىدى:

— سېنىڭ ئەمەس، قانداق، مېنىڭ! ئۆلتۈرۈۋەت لۈكچەك! . . .

— مانا ئەمسە، چىق ئۆيىدىن، ئاناڭنى . . . !

«چاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ھالسىز ئايال ۋۇچىقىدىكى بالا بىلەن يەرگە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى، كېيىن قىزىغا «نادىدرە» دەپ ئىسىم قويۇۋالدى. گۇناھسىز سەبى بوۋاق چىرايلىق ئىسمىغا ئىگە بولدىيۇ، بىراق، ئاتىسىز، يېتىم بولۇپ قالدى...

مەسئۇل مۇھەررىرى: ساتتار توختى




## ئانا شىنجاڭ

ھېيتەم ھۈسەيىن

ئانا يۇرتۇم گۈزەل شىنجاڭ،
ئۆزۈڭ بەختىم، شەرەپشانىم.
غۇرۇرۇم، ئىپتىخارىمدۇر،
ئېلى، تارىم، تىيانشانىم.

ۋەتەن ئالتۇن ئۆزۈك بولسا،
سېنى ياقۇت كۆزى دەيمەن.
جاھان ھەيران جامالىڭنى،
جەننەتنىڭ ئۆزى دەيمەن.

تېگى پۈتمەس گۆھەر كانى—
پايانسىز تۇپرىقىڭ مۇنبەت.
ئۇنىڭ ئۈستىدە گۈلباغلار،
تۆكەر ھەردەم شېرىن شەربەت.

ئۇلۇغلايمەن ئانا شىنجاڭ،
دىلىمدا جۇش ئۇرار مېھرىڭ.
كامال تاپ، ئۆرلىگىن مەڭگۈ،
قۇياشتەك نۇرلىنىپ چېھرىڭ.

نەقرات:
ئېلى، تارىم، تىيانشانىم،
مېنىڭ پەخرىم، شەرەپشانىم.

## سېغىنىش

قۇربان ھاشىم

ئەلنىڭ ئوغلانى چېگراچى يارىم،
ئەسلەيمەن سېنى ئوتلۇق يۈرەكتىن.
قارايمەن دائىم گۈزەل چېگراغا،
كۆڭۈل كۆزىدە كۆرۈپ ئۇزاقتىن.

ئەسلەپ تۈنلەردە ئايغا قارىسام،
كېلەر ئالدىمغا نۇرانە چېھرىڭ.
ئەي باتۇر يىگىت ساڭا قەلبىمدىن،
ئەزىم دەرىيادەك ئاقىدۇ مېھرىم.

سېغىنىپ سېنى تاغقا قارىسام،
بولىدۇ پەيدا مەغرۇر قامىتىڭ.
كۈتىمەن سېنى ساداقەت بىلەن،
چاقنار دىلىمدا چىن مۇھەببىتىڭ.

## سەھرالىق دېمەڭ بىزنى

داۋۇتجان سەئىدىن

شەھەرنىڭ قىزلىرى ئەمدى
دېمەڭ سىز بىزنى سەھرالىق.
نە سەھرا يۇرتىمىز ئاۋات،
ھايات ئۆتمەكتە مەنالىق.

كىيىپ كاستۇم بۈگۈن بىزمۇ،
گالستۇك تاقىدۇق كۆركەم.
چىرايلاردىن ياغار ئاپتاپ،
يۈرەكتە بولمىغاچ دەرد-غەم.


مىنىپ موتسىكلىت گۈر-گۈر،
شەھەرگە سەيلىگە بارساق.
قارايسىز زوقلىنىپ بىزگە،
گىتارنى سايرىتىپ چالساق.

## ئۇسسۇلچى قىزغا

ئېرشات تۇرسۇن


ئۇسسۇل ئوينار زىبا بىر گۈل،
ئايىمكىنتاك بېقىشلىرى.
پەرىمىكىن، كۆكتىن چۈشكەن،
مەپتۇن قىلدى،
كىرپىكىنى قېقىشلىرى.
ئاشىق بولدۇم ئۇسسۇلىغا،
ھاياجاندا يۈرەك ياندى.
تۈگەپ كەتتى ئۇسسۇل ئەپسۇس،
بىراق، شۇ قىز سۈرەت بولۇپ
قارىچۇقىمدا قېتىپ قالدى...


مەسئۇل مۇھەررىرى: ساتتار توختى










ھۆسنخەتلەرنى
ئابدۇغېنى مەترۇزى يازغان



[illegible]

[illegible]

ھەقىقىي
دوستلۇق
ئىنسانلىق
كۈچ

مەندىن نەسىھەت
ئۇلۇم ئۆگەنگىن يارات،
ئەلدە ئۇلۇغ ئالىم بولۇپ
ئىلىمگە تارات.
— مەھمۇت قەشقەرى

مۇئەللىملىك —
ئەلگە خىزمەت
مۇئەللىمگە —
ئەلدىن ھۆرمەت

بىلىم — بىلگۈچىدە، ئەقىل — سەزگۈچىدە


ھايات چاكارچى

كىشىلەر ئۈچۈن ئۆزۈن بىرەر زىيان، مېھنەتسىز تۇرمۇش ئوغرىلىق، سەنئەتسىز تۇرمۇش ۋەھشىلىك.

تارىخنى بىرىپ
ياشلىق غەنىمەت
تىرىشقان يېتىمەس
بىلىمگە قىممەت

تۇرسۇن رۇسۇل يازغان

دوستلۇق ياشلىقنىڭ خۇشبۇيى




新疆文化（维吾尔文） «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»

(قوش ئايلىق ئومۇمىي ئەدەبىي ژۇرنال) 37 - يىل نەشرى 1988 - يىل 3 - سان

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ گېزىتى، ژۇرنال بېسىش زاۋۇتىدا بېسىلدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى

مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

ژۇرنالنىڭ مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن نومۇرى: CN 65 — 1073/I

ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58، تىزىملاتقان نومۇرى: 414

تاق ئايلارنىڭ 30 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ تېلېفون نومۇرى: 28055، باھاسى 30 پۇڭ